«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» دىكى نەشرىي ئەپكار
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



4
2014

# 新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى



•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•

# ئەتراپىمىزدىكى ئەدىبلەر



**«ئۆيقۇسىز چۈش»** ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، **«ھالاكەتلىك ئۈچبۇرجەك»** ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، **«كىروران ھەققىدە يېڭى رىۋايەت»**، **«خىزىرغا يولۇققان ئاتا»**، **«ياۋا كۆز»**، **«كەچكۈزدىكى شۇۋرغان»**، **«چۆلدىكى چوغ — ۋارىس ھۆكۈمەت»**، **«ئىللىغان زېمىن»** قاتارلىق رومانلارنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى **ئارسلان تالىپ** ئەپەندى.




(63 - يىل نەشرى)

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇختار مەخسۇت

ژۇرنال قانۇنىي ۋەكىلى،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بەگمەت يۈسۈپ

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2014.4

(ئومۇمىي 328 - سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

ئاممىۋى ئۇنىشيەنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، چىرىكلىككە، پارىخورلۇققا قەتئىي قارشى تۇرايلى

# بۇ ساندا

## مەدەنىيەت ۋە ئائىلە تەربىيەسى


بالىلار تىل ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئائىلە تەربىيەسى ............
ئابدۇقادىر جالالىددىن 3 ...................................................


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر مېۋىلىرى .................. ئابلىز ئىبراھىم دولان قاتارلىقلار 18


## مەدەنىيەتتە ئىزدىنىش روھى


پەزىلەتلىك ئالىم غۇلام غوپۇر .............. ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر 23
رەيھان قادىرنىڭ ئىزدىنىشى ــ مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈزلىنىشى ..........
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم 29 ...................................................


## تەرجىمە كۆزنىكى


ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپى قانداق بولۇشى كېرەك ............... (يۇنۇس تاھىر (ت) 38


## كارخانا مەدەنىيىتى


كارخانا مەدەنىيىتى ۋە مىللىي روھ .................. ئابلىكىم نۇرمەمەت 49


## ئەدەبىيات گۈلزارى


بورانلىق كېچە ..................(ھېكايە) ............... ياقۇپ كېرەم 57


## مەن كۆرگەن دۇنيا


بىز ۋە ياپونىيەلىكلەر ..................... زۇلپىيە تۇرسۇن 71



مۇقاۋىدا: ئۇنتۇلماس سىمالار ............... سۈرەتلەرنى ئابدۇرېشىت سۇلايمان تەمىنلىگەن



شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۇسۇپ
جاڭ خۇڭچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى ۋە ئېخىرىداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كانىدىدات ئالىي مۇھەررىر)

مەدەنىيەت ۋە ئائىلە تەربىيەسى

# باللار تىل ئىقتىدارىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئائىلە تەربىيەسى

ئابدۇقادىر جالالىددىن



تىل ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدارى ئىچىدە ۋەكىللىك ئورنى ئەڭ گەۋدىلىك بىر تۈر.

— خوۋارد گاردنېر: «ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ قۇرۇلمىسى»دىن

مېنىڭ قارىشىمچە، ھەرقانداق بالا ئىككى يېشىدىن باشلاپ تىل جەھەتتىكى تالانتقا ئايلىنىدۇ، ئەمما بۇ مەزگىل بەك قىسقا. بالا ئالتە ياشقا كىرگەندە بۇ خىل ئىقتىدار بارا-بارا خىرەلىشىشكە باشلايدۇ، سەككىز ياشقا كىرگەندە باللارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئىجادىيلىقىنى قىياسمۇ قىلغىلى بولمايدۇ.

— مارىيانىنا ۋولف: «پروست ۋە سىياھ بېلىق» ناملىق كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

ئانا تىلىنىڭ چىرىغى ئۆيۈڭدە بولسىمۇ يېنىپ تۇرسۇن.

— بىر ئاقىلنىڭ سۆزى

سان نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھازىر ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى نەشر بۇيۇملىرىنى ئاۋۇن بىر ھالەتكە كىردى دېيىشكە بولىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى چەكلىك رەۋىشتە ئويغانغان مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى بىر قانچە تۈر بويىچە ھەرھالدا قامدىيالايدىغان بولدى. ئەمما تېماتىك تۈر ۋە ئوقۇرمەنلىك ساپاسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئالدىبۇرۇن يىگەلەپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بىزدىكى زىيالىيلار تۈركۈمىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى يېلىڭلىق ۋە خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى يېتەكلەش ئىقتىدارىدىكى يېتىشسىزلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوقۇرمەنلەر تەربىيە ئاساسىنىڭ ئۆز تەقەززايىمىزدىن خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئال پاكىتنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

نەشرىيات خادىملىرىنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە كىتاب بازارلىرىنىڭ ئاۋاتلىقىدا بىزنى دېۋەڭلەرچە قانائەتكە ئۈندەپ قويىدىغان مازغاپلار بار. قارىساق كىتاب دۇكانلىرىدىكى ئىشكاپلار قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلار بىلەن لىق توشۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى رومانلار بولۇپ، باشقا تۈردىكى كىتابلار ئىنتايىن ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. تىلىمىزنىڭ تەبىئىيلىكى، ساپلىقى ۋە ئىپادىلەش كامالىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي كىتابلىرىمىزنى ۋاراقلىساق، كېسەل جۈملىلەرنى بىمالال ئۇچرىتالايمىز. ئەلۋەتتە بۇ ھال بىزنىڭ ئەدەبىي ژۇرناللىرىمىزغىمۇ ئورتاق، مەيلى

ئەدەبىي تەرجىملەر بولسۇن، مەيلى ئىجادىي ئەسەرلەر
بولسۇن مەنتىقىي ئىللەتلەر، گىراماتىكىلىق مېيىپلىك،
پىكرىي ئېنىقسىزلىققا گىرىپتار بولغان جۈملىلەر خىجالەتتىن
مۇستەسنا هالدا كۆز ئالدىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرۇشىدۇ، پەل-
سەپە، دىن، تارىخ، ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەردە
يۇقىرىقى مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇشتىن باشقا، ئىلمىي سا-
ۋاتقا بىرىپ تاقىلىدىغان سەۋەنلىكلەرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ.
ئاممۋىلىقى شۇنچە كۈچلۈك بولغان تېلېۋىزىيە سەنئەتلى-
رىدە ئەسلىي تېكستكە ئاسىيلىق قىلىۋاتقان قۇرلار قىلچە-
مۇ ئەيمەنمەستىن كۆز ئالدىمىزدىن يورغىلاپ ئۆتىدۇ. رو-
شەنكى، تىل ـ يېزىقنىڭ كېسەللىكلىرى قانداقتۇر ئاز كۆرۈ-
لىدىغان مەسىلە هالىتىدىن ئۆتۈپ، ئاپەت هالىتىگە قاراپ
تەرەققىي قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى داۋالاش خۇسۇسىدى-
كى ئەقلىي سادانىڭ بولماسلىقى ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ،
بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى يۆنىلىشىدىكى يېتەكچى
ئوقۇتقۇچىلار ئاسپىرانتلىرىمىزنىڭ دىسسېرتاتسىيەلىرىدى-
كى كېسەل جۈملىلەر ۋە مەنتىقىي بىسەرەمجانلىقلارنى
ئوڭشاپ بولالماي تالجىقىپ يۈرىمىز. بۈگۈنكى زامان
ئۇيغۇر تىلى نازارەتچىسى، ساقچىسى ۋە سوتچىسى يوق
بىر تىلغا ئايلىنىپ قالامدۇ نېمە دېگەن ئازابلىق خىيال ئۆ-
مۈرنىڭ نورمال مەنىسىنى توزۇتقىلى خېلى يىللار بولۇپ
قالدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە باشلانغۇچ ۋە
ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىنى يېتەرلىك ئېلىشقا مۇۋەپپەق
بولالمىغان بۈگۈنكى ئەۋلادلار كەلگۈسىدە جەمئىيەتنىڭ
تايانچ كۈچلىرىگە ئايلانغاندا، ئانا تىلىمىز قايسىبىر غۇر-
بەتنىڭ قورشاۋىدا قالار ؟ بۇ بەك قورقۇنچلۇق سوئال.
تارىخ بۈگۈننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن قورققانلارنى
ئەتىنىڭ زاۋالىغا تەلتۆكۈس بەند قىلىدۇ، هازىر ئانا تىل
تەربىيەسى ۋە ئانا تىل ئەھياسىغا سەل قاراشنىڭ مائارىپ
مەنبەلىك سەۋەبلىرى شۇبھىگە ئورۇن قالمىغۇدەك دەرى-
جىدە ئېنىق بولۇپ قالدى. ئانا تىل سېزىمى ئائىلىدە بىخ-
لىنىدۇ، مەكتەپلەردە پەرۋىشلىنىدۇ، جەمئىيەت هاۋاسىدا
چېچەكلەيدۇ. مائارىپتىكى ئورنى لىڭشىپ قالغان تىلنىڭ
مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئورنىدىن تېخىمۇ
سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ تەقدىرىمۇ
ئېچىنىشلىق بولىدۇ. دېمەك مەكتەپ ۋە ئاكادېمىيە ئورۇن-
لىرى تىلنىڭ شىپاخانىسى بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئورنى بول-
مىغان تىل دىياگنوز ۋە داۋالاشتىن مەھرۇم بولغان تىل بو-
لىدۇ.

هازىر كىشىلەر تولىمۇ مەنپەئەتپەرەس بولۇپ كېتىش-
تىكى، مەنپەئەت پۇرسەتلىرى تۇغۇلغاندا، ئىنسانىي مەرد-
پەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشىدىغان بولدى. بۇ يەردى-
كى ئىنسانىي مەرىپەت دېگىنىمىز ياخشى بىلەن يامان،
هالال بىلەن هارام، هەق بىلەن ناهەقنى ئايرىشتىكى ئۆل-
چەمنى تەقدىم قىلغۇچى ئەقىدە ۋە قىممەت قاراشتىن خە-
ۋەردار بولۇش، ئەجدادلاردىن قالغان ماددىي ۋە مەنىۋى
مىراسلارنى تونۇپ، قەدىرلەش، «مەن» بىلەن
«سەن»نىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئاقىلانە ئايرىش، مىللەت
ۋە ئۇممەت تۇيغۇسىنى ۋەزىيەت تەلەپ قىلغان دەرىجىدە
يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى كىشىلىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش-
نى كۆرسىتىدۇ. بىز دەۋاتقان مەرىپەت ئىنساننىڭ مەنپە-
ئەت ئارزۇسىنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان هالدا، مەنپەئەتكە بولغان قانائەتلىنىشنى ئادىل
مىزان بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ تېمىسىغا
مۇناسىۋەتلىك ئانا تىل تەربىيەسى ۋە ئانا تىل سۆيگۈسىمۇ
ئىنسانىي مەرىپەتنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبلەر
بولۇپ هېسابلىنىدۇ، خۇددى ئەرەب يازغۇچىسى جېبران
خېلىل جېبران ئېيتقاندەك، تىل «مىللەت قەلبىدىكى
پىنهان سىرلارنى ئاچىدىغان تەشنالىق ۋە ھەۋەسنىڭ كىلە-
تى (ئاچقۇچى)، مىللەت روھىدىكى ئارزۇلارنىڭ ئەكگۈش-
تەرى» [1] بولۇپ هەر بىر يەككە ئىنسان تىل ۋاستىسى
ئارقىلىق كوللېكتىپ چوڭ گەۋدىگە باغلىنىپ تۇرالايدۇ.
تىل هەر بىر كىشىنى تارىخىي تەقدىر ۋە ئارزۇ جەھەتتە
ئۆزى تەۋە بولغان كوللېكتىپ بىلەن ئورتاقلىققا ئېرىشتۈ-
رىدۇ. دېمەك، مەرىپەتلىك ئىنسان دىپلوم ۋە ئىلمىي ئۇن-
ۋانلارنى، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە مەرتىۋىلەرنى مەرىپەتكە
تەڭ دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇنى مەرىپەتنىڭ پوستى دەپ
قارايدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ مەجۇتلۇقىنى ۋە نام ـ مەن-
پەئىتىنى ئۆزى تەۋە بولغان خەلق ۋە زاماننىڭ تەقەززاسى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىدۇ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆ-
زىنىڭ ئەجدادىدىن مىراس قالغان ئانا تىلنى ئەۋلادلىرىغا
ئۆگىتىشكە سەل قاراۋاتقان بەزى ئاتا ـ ئانىلارنى ئاشۇ
خىل مەرىپەتكە ئىگە دېگىلى بولامدۇ ؟

تىرىكچىلىكنىڭ غوجايىنى بولۇشنىڭ ئورنىغا تىرىك-

چىلىكنىڭ ئۇلجىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ئۆي-خىيالى ئۆي، ماشىنا، مەنسەپ، توي-نەزىرلەرگە بەند بولۇپ كەتكەن، روھىي جاھانسازلىقنىڭ ئايىغى چىقماس ئۇششاق ۋەسۋەسىلىرى قاپلاپ كەتكەن ئادەملەردە ئۆز ھاجەتلىرىنىڭ چىرماقلىرىدىن ھالقىپ ئۆزى تەۋە توپنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ھەققىدە باش قاتۇرىدىغان مادار بولمىسا كېرەك. ئۇلار كۆپ ھاللاردا بالىلارنى تىرىكچىلىك قورالى سۈپىتىدە كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ھازىرقى تىرىكچىلىك ئەندىزىسى ۋە چاكىنا قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا لايىھەلەيدۇ. تىلى ۋە مەدەنىيىتى غوللۇق ئېقىمغا ئايلىنالماي، ئەكسىچە ياتلىشىۋاتقان مىللەتنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئالىرى غوللۇق ئېقىمدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى بويلاپ تۇرۇپ پۇرسەت تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە ئانا تىل مەدەنىيىتىنى قوشۇمچە ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ئۇلاردا مىللەتنىڭ تارىخى ۋە ئىدېئولوگىيەسى ھەققىدە ئېنىق بىلىم يوق، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تەسەۋۋۇر تېخىمۇ يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت توپىغا ئاڭسىز رەۋىشتە باغلىنىدۇ، ئۇلار ئۆزى تەۋە مەدەنىيەت توپىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆزىچە ئىستىقبالى بار دەپ قارىغان مەدەنىيەت توپىنىڭ تەۋەلىكىگە ھەۋەس قىلىدۇ ۋە شۇ توپقا بولغان مايىللىق ئارقىلىق ئىستىقبال ئىزدىشىدۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئىقتىسادىي ھاللىقلىرى پەرزەنتلىرىنى ماڭلايلىرى پارقىراپ تۇرغان مەدەنىيەت توپلىرىنىڭ ئىچىگە قويۇپ تەربىيەلەشكە بەكرەك ئىنتىلمەكتە، ئۆز يۇرتىدىكى قاتمال، ئۆلۈك مائارىپ ۋەزىيىتىنى ئوڭشاشتىكى تەشەببۇسكارلىقىدىن روھسىزلانغان بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھالىتى قەيەر ئويمان بولسا شۇ يەرگە ئاققان مەنبەسىز سۇنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە نېمە قىلىش كېرەك؟ مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ قۇدرىتى ھامان چەكلىك بولىدۇ، ئائىلىنىڭ ئارزۇسى ۋە جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقىدىن مۇستەسنا بولغان مەكتەپلەر مائارىپى ھەرگىز نورمال ئەمەس، ئادەم بولۇشنى تەرك ئەتكەن ھالدا، بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالىتى ئۈچۈن تۈزۈلگەن مائارىپ پروگراممىسى ئۆزىنىڭ پۈچەكلىكىدىن گۇمانلانماي كېتىۋەرسە، ئائىلە تەربىيەسىنىڭ تولۇقلاش رولىنى ئېسىمىزگە ئالماي تۇرالمايمىز. كەمىنە «ياخشى ئادەم: ئائىلە تەربىيەسىگە قايتىش» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013-يىلى 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان - مۇھەررىردىن) ناملىق ماقالەمدە جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئاتا-ئانىلارنى ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئائىلەلەرنى ئۇنۇملۇك مەكتەپكە ئايلاندۇرۇشقا چاقىرىدۇ.[2]

ئائىلە تەربىيەسىنىڭ بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە كۇلتۇرەل مەۋجۇتلۇقىدا نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرىدىغان تارىخىي، رېئال پاكىتلار ناھايىتى كۆپ. بۇ ھەقتە يېزىلغان پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئەسەرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. مەسىلە بىزنىڭ ئۇلارغا ئەستايىدىل نەزەر ئاغدۇرۇپ ساۋاق ئېلىشىمىزدا. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىز بىر جەھەتتىن، پېقىرنىڭ ئائىلە تەربىيەسى ھەققىدىكى بۇرۇنقى ماقالىسىنىڭ ئىدىيەسىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرغان ھالدا، مەۋقەنى نۇقتىلىق قىلىپ ئائىلىدىكى تىل تەربىيەسىگە قويىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن پروفېسسور، دوكتور لېتىپ توختى ئەپەندىنىڭ 2013-يىلى ئىيۇندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ «مۇئەللىم» ئېلېكترون پەن-تېخنىكا چەكلىك شىركىتى بىرلىشىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزگەن «يېڭى ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇشى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمىسى يىغىنى»دا ئوقۇلغان «بالىلارنىڭ تىل ئۆزلەشتۈرۈشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئىدىيەسى بىلەن بەلگىلىك ئىزچىللىققا ئىگىدۇر. لېتىپ توختى ئەپەندى ماقالىسىدە، ئامېرىكىلىق مەشھۇر تىلشۇناس، سىياسىي مۇتەپەككۇر، تەنقىد روھىغا باي ئاممىۋى زىيالىي نوم چومسكىي (Chomsky)نىڭ ھاسىلاتىما گرامماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى بالىلارنىڭ تىل ئۆزلەشتۈرۈشىدىكى پسىخولوگىيەلىك ۋە ئەقلىي قانۇنىيەتلەرگە تەتبىقلىغان ئاساستا، ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارغا ئانا تىل تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشتا پەرزەنتلەرنىڭ بىر ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ھالقىلىق پەيتىنى چىڭ تۇتۇشقا دالالەت قىلىدۇ، چومسكىي بالىلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ياكى تۇنجى ئۇچراشقان تىلىنى شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، جۈملە قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئوي-پىكرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى چىقىش قىلىپ

تۇرۇپ، ئادەم مېڭىسىدە تۇغما تىل ئورگىنىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بالىلارنىڭ بىر يېشىدىن ئون يېشىغىچە بولغان مەزگىل تىل ئۆزلەشتۈرۈشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەزگىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بالىلار مەلۇم بىر تىلنى ئانچە زورۇقمايلا تەبىئىي ھەم ھېسسىياتلىق ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلەيدۇ، ئاپتور بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى 32 ھەرپنى ئىملا قائىدىسى بويىچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىپ كېتىشىگە تەخمىنەن بىر يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتا - ئانىلارنى بالىلارنىڭ ئانا تىل ساۋاتىنى بالدۇرراق چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى تېزرەك يېتىلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا مىللىي تىل - يېزىقتىكى مائارىپ قوغدالغانىكەن، ئاتا - ئانىلارنىڭ يەسلى ۋە باشلانغۇچ مائارىپ باسقۇچىدا پەرزەنتلىرىنى سىستېمىلىق ئانا تىل تەربىيەسى بىلەن ئۇچراشتۇرۇشنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھمىيىتى بار، دەپ تەكىتلەيدۇ.

لېتىپ توختىنىڭ ماقالىسىدىكى مەركىزىي ئىدىيە نۆۋەتتە ئۆز ئورنىغا دىگەندەك چۈشۈپ كېتەلمەۋاتقان قوش تىل ئوقۇتۇشى ئەمەلىيىتىمىزگە نىسبەتەن مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، قوش تىل مائارىپىنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە ئىلمىي، ئوبيېكتىپ، ماس ھالەتتە يولغا قويۇشنى نىشان قىلغان ئىدىيەۋى ئىزدىنىشىمىزنىڭ مۇستەقىل بىر قەدىمى. ئىدىيە قانچە مول بولسا، ھەرىكەتتىكى قاتماللىق شۇنچە ئاز بولىدۇ. ئۆگىنىشتىكى پىسخىك توسالغۇ ئېلىپ كېلىدىغان مەنپىي ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ ۋە تەرەققىيات ئېھتىياجىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇشقا دائىر مۇنەۋۋەر ئىدىيەلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن دىگۈدەك تونۇشۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر، جۈملىدىن تىل تەربىيەسىگە دائىر تەجرىبە ۋە ئەندىزىلەرنى بىرمۇبىر ئىدىتلاپ چىقىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنىڭ خاراكتېرىگە لايىق كېلىدىغان ئوقۇتۇش مېتودلىرىنى ئەركىن تاللىيالىشىمىز كېرەك، ئوقۇتۇشنىڭ رېئال قانۇنىيىتى تېجىمەللىك بىلەن بېكىتىلگەن يەكتا ئەندىزىنى رەت قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئەتراپىغا كەڭ نەزەر سېلىپ، دادىل ئىزدەنمەي بولمايدۇ.

ئادەم ھەققىدىكى ئوقۇمنىڭ ئۆزى ئابستراكت بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بىرمۇ ئابستراكت ئادەم يوق. ئۇ ماكان ۋە زاماننىڭ ھەر بىر بۆلىكىدە ئۆزىگە ماس روھىي ھالەت بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ. ئىنسانلار شۇ قەدەر مۇرەككەپ بىلىش سىستېمىلىرىنى بەرپا قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىنى تۇرغۇزۇپ بولالمىدى. ئۇزلۇكسىز ھەرىكەتتىكى ئىنسان روھىنىڭ ئۆز بىلىش ئوبيېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، ئىنسان بىر پاتمان مەسلىھەت، دەستە - دەستە كىتاب، ئەجدادلاردىن مىراس قالمىش پاراسەتنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپمۇ جاۋابسىزلىق ھالىتىدە تېڭىرقاپ كۈن كەچۈرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ساھەسىدىكى نەتىجىلىرى ھامان كەلگۈسىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ چەكسىز مۇرەككەپ بولغانلىقىدا. پەن فورمۇلالاشقان تەلىمات سۈپىتىدە ئادەمزات دۇنياسىدا مۇئەييەن ساھە بىلەن چەكلىنىدۇ، لېكىن ئۇ چەكسىز بىر دۇنيا سۈپىتىدە ھەرقايسى پەن تەرەپىدىن پارچىلىنىپ چۈشىنىلىدۇ، مېتودلاشقان پەن مېتود سىرتىدىكى ئىنسانىي ھامان بىلگىلى بولماسلىق ھالىتىدە قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئامېرىكا ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ بەرپاچىسى جون دېۋىي (1859—John Dewey,1952) نىڭ «تۈرلۈك پەنلەر ۋە دەرسلەر يىللاردىن بۇيانقى پەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇركى، ھەرگىزمۇ بالىلارنىڭ ئۆز تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس» [3] دېيىشى دەل مۇشۇ تەرەپنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بولسا كېرەك. «بالىلار بىلەن دەرسلەر ئوتتۇرىسىدىكى روشەن ئارىلىق ۋە زىتلىقنى، — دەيدۇ جون دېۋىي — چەكسىز مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن بىز بۇ يەردە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي زىتلىقنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: بىرىنچى، بالىلارنىڭ تار كىشىلىك مۇناسىۋەت دۇنياسى بىلەن غەيرىي ئىنسانىي بولغان چەكسىز ماكان - زامان دۇنياسى ئارىسىدىكى زىتلىق؛ ئىككىنچى، بالىلار تۇرمۇشىدىكى بىردەكلىك ۋە ئالاھىدە بىر پۈتۈنلۈك بىلەن دەرسلەرنىڭ مەخسۇسلىشىشى ۋە تۈرلىنىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق؛ ئۈچىنچى، بالىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى پائالىيەت ۋە ھېسسىياتنىڭ بىرلىكى بىلەن لوگىكا

لىق تۈركۈم ۋە لوگىكىلىق تەركىبىنىڭ ئابستراكت پىرىنسى-
پى ئوتتۇرىسىدىكى زىتلىق» [4]. مەلۇمكى دەرسلەر قاي-
چىلىك مۇكەممەل تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان ۋۇ-
جۇدىدىكى چەكسىز يوشۇرۇن ئىقتىدار زاپىسىنىڭ ئېچى-
لىش تەقەززاسىغا باققاندا، بەرىبىر مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ،
ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن سىنىپىي دائىرىلەرنىڭ
ھاكىم ئىدىيولوگىيەسىنىڭ تەلىپىنى چىقىش قىلغان دەرس-
لىكلەر ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قېزىلىشىغا
تەتۈر ئۈنۈم ئېلىپ كېلىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپىمىزدىكى زور خاتالىق ئىن-
ساننىڭ ئۆزىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش بولدى. بىز ھەدې-
سىلا كوللېكتىپ كىملىككە غەرق بولۇپ كەتكەن
ئابستراكت ئىنساننى تۇتقا قىلىپ ئوقۇتۇش بىلەن بولۇۋاتى-
مىز، يەككە بىر ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى ماھىيەتلىك
تەرەپلەرنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز، تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بو-
لۇشىچە، ئىنساننىڭ قابىلىيىتىنى ئەقلىي نىسبەت بۆلۈنمىسى
(IQ,Intelligence Quotient)نى ئۆلچەم قىلىپ ئايرىشنىڭ
ئىلمىي ئاساسى 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن كېيىن
پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان. بەزى پسىخو-
لوگلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ئىقتىدارى
120 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل ئىقتىدارنىڭ مۇجەسسەمى
ئىكەن. ئىنسانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدە ئەقلىي نىسبەت
بۆلۈنمىسىنىڭ رولىدىن باشقا، ھېسسىيات نىسبىتى بۆلۈنمە-
سى (EQ,Emotional Quotient) نىڭ رولىمۇ ئالاھىدە بو-
لىدىكەن. مەسىلەن: ئىنساندىكى مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈل-
لۈك، سەرۋىچانلىق، بەرداشلىق، ئەقىدە، باتۇرلۇق قاتار-
لىق ھېسسىيات ئامىللىرى ئۇنىڭ خاراكتېر ساپاسىدىكى
مۇھىم تەركىبلەر سۈپىتىدە شەخسنى مۇسبەت ئېنېرگىيەگە
ئىگە قىلىدىكەن. [5]

ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى قا-
راشنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ پسىخولوگىيە-
سى پىروفېسسورى خوۋارد گاردنېر (Howard Gardnor)
كەسكىن بىر بۇرۇلۇشتا يېڭىلىدى. ئۇ پەيلاسوپ
نېلسون گولدمان قوزغىغان «خارۋارد نۆل پىلانى»
(Harward Proljeet Zero) تەتقىقاتىنىڭ غوللۇق ئادىمى
سۈپىتىدە ئىشلەپ، ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى
ھەققىدە ئىنچىكە تەتقىقات قىلدى. گولدمان بىز ئىنسانلار-
نىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ھەققىدە ھېچنېمىنى ئۇقمايمىز
دېگەن نۇقتىئىنەزەر بويىچە، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات تۈرىگە
«نۆل پىلانى» دەپ نام بەرگەن. گاردنېر دەسلەپتە ئا-
دەمنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشى ۋە تە-
رەققىياتى توغرىسىدا ئىزدەنگەن. ئۇ تەرەققىيات پسىخولو-
گىيەسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئالىملارنىڭ لوگىكىلىق تە-
پەككۇر ئىقتىدارى ۋە تىل ئىقتىدارى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا
يۈزلەنگەن. 1983 - يىلى گاردنېر ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى
سۈپىتىدە «قاتلاملىق ئىقتىدار» (Multiple Intelligence)
ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدار قۇ-
رۇلمىسى ھەققىدە پسىخولوگىيە، بىيولوگىيە، پېداگوگىكا
ۋە سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيا
ھەققىدىكى تەپەككۇر شەكلى ۋە بىلىش شەكلى كۆپ خىل
بولىدۇ دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گاردنېر
نۇرغۇن ئەمەلىي ئۈلگىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەر تەرەپلىمە
پسىخولوگىيەلىك تەجرىبە ئاساسىدا، دەسلەپكى قەدەمدە
يەتتە خىل ئىقتىدار ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىلمىي نۇق-
تىدىن دەلىللەپ چىققان. ئۇ پەقەت ئىمتىھان نەتىجىسىگە
قاراپلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىغا ھۆكۈم چىقىرىش ۋە
مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى باھالاش ئىنتايىن بىر
تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ
باشقا تېپىتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئۇن - تىنسىز نابۇت
بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن. ئىمتىھاندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ
تۇرۇپمۇ كېيىن ھېچقانداق ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلالماي-
دىغان، ھەتتا ھېچقانداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل
بۆلمەيدىغان دىپلوم ۋە ئۇنۋان ئەھلىنىڭ بارلىققا كېلىشى
جۇڭگودەك كۆپ نوپۇسلۇق دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئېتىبار بىلەن قارىمىسا بولمايدىغان مائارىپ كرىزىسى
ئىدى. شۇڭلاشقا خوۋارد گاردنېرنىڭ قاتلاملىق ئىقتىدار
نەزەرىيەسى جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدىكى بەزى مۇتە-
خەسسىسلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ھەر بىر ئوقۇغۇ-
چىنىڭ خاسلىقى بويىچە يېتەكلەشنى مەزمۇن قىلغان «نە-
شانلىق ئوقۇتۇش»، «ساپا مائارىپى» دېگەندەك تەشەب-
بۇسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

خوۋارد گاردنېرنىڭ ئىقتىدار نەزەرىيەسى ھەققىدى-
كى كىتابلىرى ئارقا - ئارقىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قى-
لىنىپ نەشر قىلىندى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن شەرھ، ئۆزلەش-

تۈرمە ئەسەر بارلىققا كەلدى. ھەرقايسى ئىلىم ژۇرناللىرى-
نىڭ سەھىپىلىرى بىر مەزگىل خوۋارد گاردنېر ھەققىدى-
كى مۇھاكىمىلەرنى تۈرگە چىقاردى. پېداگوگىكا ۋە پسى-
خولوگىيە ساھەسىدىكى دوكتور ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلار
خوۋارد گاردنېرنى تېما قىلىشتى. بىراق مائارىپ پسىخو-
لوگىيەسى بويىچە دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە قاتلاملىق ئىق-
تىدار نەزەرىيەسى ئۇيغۇر تىللىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى-
غا تا مۇشۇ كەمگىچە ناتونۇش بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭچە
خوۋارد گاردنېرنىڭ «قاتلاملىق ئىقتىدار» (多元智能)،
«ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» (智能的结构)، «ئىجادىيەت
ئىقتىدارى» (大师的创造力)، «چىنلىق، ياخشى-
لىق، گۈزەللىك ھەققىدىكى تەربىيەنى قايتا بەرپا قىلىش»
(重塑真,善,美) قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇ-
شۇپ چىقىش ئۇيغۇر مائارىپچىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن
زۆرۈر. بۇ ئەسەرلەر مەكتەپلەر مائارىپىغا ئىدىيە جەھەت-
تىن تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئاتا - ئانىلارنىڭ
پەرزەنت تەربىيەسى قارىشىغا ئۇنىۋېرسال غىدىقلاش
ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇنداق بولسا خوۋارد گاردنېر ئەقلىي ئىقتىدار
(قىسقارتىپ «ئىقتىدار»)غا قانداق ئېنىقلىما بەرگەن؟
«ئەقلىي ئىقتىدار بىر تۈرلۈك ھېسابلاش ئىقتىدارىدىن
ئىبارەت. يەنى ئۇ ئالاھىدە ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ
قىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىيولوگىيەلىك
ۋە پسىخولوگىيەلىك تەبىئىي ئىقتىدارىدىن كېلىپ چىققان.
گەرچە چاشقانلار، قۇشلار ۋە كومپيۇتېرلاردا بۇ خىل
ئىقتىدارلار بار بولسىمۇ، ئىنسانلاردىكى ئىقتىدار ئۇنىڭ-
دىن ئۆزگىچىدۇر. ئىنسانلار بولسا مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش ياكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا
ئىگە. مەسىلە ھەل قىلىش ۋە مەھسۇلات ئىشلەپچىق-
رىش ئالاھىدە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئىجتىما-
ئىي گۇرۇھلارنىڭ ئېھتىياجىدۇر. مەسىلە ھەل قىلىش ئىق-
تىدارى بولسا ئالدىنئالا تۈرغۇزۇلغان ئالاھىدە بىر نىشان-
غا ئۈنۈملۈك يەتكۈزىدىغان توغرا يولنى تېپىش ۋە ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش ئىقتىدارىدۇر، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى
ئىشلەپچىقىرىش بولسا بىلىم ئېلىش، تارقىتىش، ئۆزىنىڭ
قارىشىنى، ئېتىقادىنى ياكى ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش قاتار-
لىقلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.» [6]

دېمەك، بۇ يەردىكى ئىقتىدار چۈمۈلە ۋە ئۆمۈچۈك-
لەردە بولىدىغان ئىقتىدارلاردىن پەرقلىق ھالدا مەقسەت،
قىممەت قاراش، ئېتىقاد ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە ئىقتىدار
بولۇپ، مۇئەييەن مەنىدىكى تاللاش ۋە ھۆكۈم قىلىشنى
شەرت قىلىدۇ. بايراق سىياسىي ساۋاتى يوق ئادەملەر
ئۈچۈن لاتا، سىياسىي ئېڭى يېتىلگەن ئادەملەر ئۈچۈن
شېھىتلەرنىڭ قېنى بەدىلىگە لەپىلدىگەن غۇرۇر. ئىنسان
ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارغا قانچىكى يۈكسەك مەنە بېرەل-
سە، ئۇنىڭ ئىجادىيلىق تۈسى شۇنچە روشەن بولىدۇ.
قەھرىمانلار بارلىق جانلىقتا بولىدىغان بىيولوگىيەلىك مە-
نىدىكى ئۆلۈمگە ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە سىياسىي،
ئىجتىمائىي مەنىلەرنى يۈكلەش ئىقتىدارىنى نامايان
قىلغان ئىجادكارلاردۇر، ئىقتىدار كونكرېت مۇھىتتىكى
ئىجادىي ھۆكۈم ئارقىلىق جۇلالىنىدۇ.

گاردنېر ئىنسانلارنىڭ ئىقتىدار تىپىنى دەسلەپكى
قەدەمدە تۆۋەندىكى تۈركۈملەرگە ئايرىغان:

### 1. تىل ئىقتىدارى

سۆز ۋە جۈملە قائىدىلىرىنى ياخشى ئىگىلەپ،
جانلىق ئىشلىتىپ، نازۇك ھېسسىيات، چوڭقۇر ئوي - پى-
كىرلەرنى ئىپادىلەپ، باشقىلار بىلەن ئۈنۈملۈك مۇلاقەت-
لىشىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. شائىرلار، يازغۇچىلار،
سىياسىيونلار، دىپلوماتلار، ئادۋوكاتلار، رىياسەتچىلەر،
مال ساتقۇچىلار... بىر قەدەر روشەن تىل ئىقتىدارى ئار-
قىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە بولغۇچى-
لاردۇر، مىسال كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە تېيىپجان ئېلى-
يېۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەخمەتجان قاسىمى، گەندى،
ماندېلا قاتارلىق نۇرغۇن شەخس يادىمىزغا كېلىشى
مۇمكىن.

### 2. مۇزىكا — رىتىم ئىقتىدارى

ئادەمنىڭ رىتىم، ئاھاڭ، مېلودىيە سەزگۈسى ئارق-
لىق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىشى ۋە ئۇلاردىن
زوقلىنىشى، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم خاھىشى ۋە
ھېسسىياتىنى بىلدۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل
ئىقتىدار كومپوزىتورلار، ناخشىچىلار، سازەندىلەر، مۇزى-
كا ئويزورچىلىرىدا ئالاھىدە روشەن بولىدۇ.

### 3. بەدەن — ھەرىكەت ئىقتىدارى

مۇئەييەن ئۆلچەمدىكى ھەرىكەت، سۈرئەت، مۇۋا-

زىننەت، قىياپەت قاتارلىقلار ئارقىلىق مۇئەييەن ھېسسىيات، مۇئەييەن روھنى نامايان قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر، ئۇسسۇلچىلار، ئۇچقۇچىلار، سېركچىلەر، دارۋازلار ۋە جانبازلار بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 4. لوگىكا — ماتېماتىكا ئىقتىدارى

شەيئىلەرنىڭ تىپلىرى، سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋەتلىرى، نىسبەتلىرى ھەققىدىكى سېلىشتۇرمىلىق چۈشىنىش، ھېسابلاش، ئىسپاتلاش ۋە ئۇلار ھەققىدە ئابستراكت خۇلاسىلەرنى چىقىرىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىقتىدار بارلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئىنژېنېرلار، كومپيۇتېر پروگراممىچىلىرى، بانكا خادىملىرى، ئىقتىسادشۇناسلار، رازۋېدچىكلار، ئاخبارات ئانالىزچىلىرىدا گەۋدىلىك بولىدۇ.

### 5. بوشلۇق ئىقتىدارى

ئادەمنىڭ رەڭ، شەكىل، ئارىلىق، ماكان قاتارلىق ئامىللارغا بولغان ئېنىق سەزگۈسى ۋە ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. رەسىم، چېرتيوژ، خەرىتە، ئىستېرېئولۇق قۇرۇلما قاتارلىقلاردا بوشلۇق ئىقتىدارى نامايان بولىدۇ، ھەيكەلتىراشلار، دېڭىزچىلار، قۇرۇلۇش لايىھەچىلىرى، رەسساملار، رېژىسسورلار مۇشۇ خىل ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئىجاد قىلىشىدۇ.

### 6. كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارى

باشقىلارنىڭ چىراي ئىپادىسى، سۆز - ھەرىكىتى، قىلىق - قىياپەتلىرىگە ھوشيارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ھېسسىياتى بىلەن ئورتاقلىشىش، ئۈنۈملۈك ئالاقە ئورنىتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. سىياسىيون، ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، كارخانا لىدىرى، پىسخىك دوختۇر، دىپلومات، دېلو يەشكۈچى، ئوقۇتقۇچى، مەسلىھەتچى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ خىزمىتىدە بۇ خىل ئىقتىدار بولمىسا بولمايدۇ.

### 7. ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدارى

ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى كۆزىتىش، ئويلاش، ئوبيېكتىپ يەكۈن چىقىرىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىقتىدار پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر، پىسخولوگلار، ئىلاھىيەتچىلەردە بىر قەدەر ئالاھىدە بولىدۇ.

گاردنېر كېيىنچە تەبىئەت ئىقتىدارى دېگەن يەنە بىر ئىقتىدار تىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىپ ئالاھىدىلىكى ئالدىنقى ئىقتىدار تىپلىرىدەك روشەن بولمىغاچقا مۇنازىرە قوزغىغان، ئۇ خىل ئىقتىدار يەنىلا ئىسپاتلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ پىكىر دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، گاردنېرنىڭ نەزەرىيەسى ئاددىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ نەزەرىيەسى بىلىش نەزەرىيەسى، ئىنسانشۇناسلىق، پېداگوگىكا ساھەلىرىدىكى بىر قىسىم قاتماللىقنى بۆسۈپ تاشلاپ، تەتقىقاتچىلارنى يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئىگە قىلدى. كورېيە سېئول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېداگوگىكا پروفېسسورى ۋېن لوڭلىن (文龙鳞) «ئىقتىدار ئىنقىلابى» ناملىق ئەسىرىدە گاردنېرنىڭ يۇقىرىقى نەزەرىيەسىنى كورېيانلارنىڭ مەدەنىيەت كونتېكستى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ شەرھلىگەن. ئۇ ئەسىرىدە گاردنېرنىڭ نەزەرىيەسىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەيدۇ:

1. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئوخشىمىسىمۇ ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا سەككىز خىل ئىقتىدارغا ئىگە (ئاپتور بۇ يەردە 8 - خىل ئىقتىدار تىپىنىمۇ ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن). بۇ ئىقتىدار تىپلىرى ئادەمدە كۆپ خىل شەكىلدە بىر گەۋدىلىشىدۇ.

2. ھەر خىل ئىقتىدار تىپلىرى يەككە ھالدا رول ئوينىماستىن، ئۆزئارا گىرەلەشكەن ۋە تەسىرلەشكەن ھالدا رول ئوينايدۇ.

3. ئىقتىدار بېكىپ كەتكەن نەرسە ئەمەس. ھەر بىر ئادەم ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە تىرىشچانلىقى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

4. ئىقتىدار مۇئەييەن بىر رامكا ئىچىدە چەكلەنمەيدۇ. مەسىلەن: بەزى ئادەملەر گەپكە ئۇستا بولسىمۇ قالاشتۇرۇپ ماقالە يازالماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا مۇئەييەن بىر ئىقتىدارنىڭ رولىنى قوزغىماقچى بولساق، ھەر خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش مۇمكىن. [7]

زوردۇن سابىر بىلەن رەھمەتۇللا جارى ئۇيغۇر تېلىنىڭ ماھىر سەنئەتكارلىرى، ئۇلارنىڭ بىرى مۇنەۋۋەر ئەدىب، بىرى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە جامائەتنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن شاھمات ئۇستىلىرى ئىدى. ھۇسەيىنخان تەجەللىي ۋە داموللا ئابدۇلھەمىد يۇسۇفىلەر نۇرغۇن ئۈنۈملۈك رىتسىپنى ئىجاد

قىلغان يېتۈك تېۋىپ بولۇش بىلەن بىللە، سۆز دېگىنىزدا بىمالال ئۆزەلەيدىغان شائىرلار ئىدى. دېمەك، بەزى ئادەملەردە بىر نەچچە خىل ئىقتىدار تېپلىرى ئۆزىنى روشەن كۆرسىتەلەيدۇ، بەزى ئادەملەردە گەۋدىلىك بىر ئىقتىدار تىپىغا ياندىشىشقان ھالدا باشقا ئىقتىدار تىپلىرى ماسلىشىش رولىنى ئوينايدۇ. مەلۇم بىر ئىقتىدار تىپى يەككە - يېگانە ھالدا ئۆز قۇدرىتىنى جارى قىلدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: تىل ئىقتىدارىنى ئالساق، ئۇ مۇزدكا ئىقتىدارى، لوگىكا ئىقتىدارى، ئۆزىنى بىلىش ئىقتىدازى ۋە كىشىلىك ئالاقە ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلغان ھالدا ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ. مەشھۇر رازۋېد ھېكايىچىسى ئاگاتا كىرىستى يېتەرلىك جەمئىيەت بىلىملىرى ۋە لوگىكىلىق تەھلىل ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسا، كەڭ تەسىرگە ئىگە ھېكايىلىرىنى يازالمىغان بولاتتى.

ئىنسانلارنىڭ بىلىش ئىقتىدارى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات قىلغان ئالىم پىنك (Pink) تىلنىڭ رولى ھەققىدە توختىلىپ، تىل «بىلىش پادىشاھىنىڭ تاجىدىكى ياقۇت» [8] دەپ سۈپەتلىگەندى. پسىخولوگ دېۋىد مايېرس (David G.Myers): «مايمۇننىڭ بىلىدىغىنى ئۇنىڭ ئۆز كۆزى ئارقىلىق كۆرگەن نەرسىلەردۇر. تىلمىز بولغاچقىلا بىز ئىنسانلار كۆزىمىز كۆرمىگەن نەرسىلەرنىمۇ بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق» [9] دەيدۇ. بۇ سۆزلەردىن بىز شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىزكى، ئىنسانلار بىلىش تارىخىنى تىل ئارقىلىق ياراتقان، شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز بىلىش تارىخى ئىنسانلارنىڭ ياشاش شەكلى، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنى، خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلى قاتارلىقلارغا مىسلىسىز تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى. ئىنسانلار ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى بولغان فونېما، ئاندىن مورفېما قاتارلىقلارنى بەلگىلىك سېمانتىكا ۋە گىراماتىكا قائىدىلىرى ئارقىلىق بىرىكتۈرۈپ، خىلمۇخىل جۈملە تۈركۈمىدىن چەكسىز مەنە ھاسىل قىلىشىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى توختىماي يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ئادەتتە، تىلنىڭ رولى ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى يەتكۈزۈش، تەپەككۇر قىلىش ۋە خاتىرىلەش قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلىشىدۇ. ئىنسانلار خىلمۇخىل مۇرەككەپ دۇنيانىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئىسپاتلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ ھەمدە بۇ جەرياندا سۆز ۋە جۈملىلەرگە تايىنىدۇ. دېمەك، بارلىق پەن ساھەلىرى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيەسىنى تىل ئارقىلىق روياپقا چىقىرىدۇ ھەم ئۆز نۆۋىتىدە تىلنىڭ فۇنكسىيەسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەڭ دەسلەپكى تەربىيەنىڭ تىلدىن باشلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كونا ئۇدۇم قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي كەلدى. ھەر بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان تىلنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، مول ئەدەبىي مىراسلارنى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى دۇنياغا كەلتۈرۈشكەن، بۇ ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە تەپەككۇر شەكلىنى، يەنى بەلگىلەر سىستېمىسى ۋە سىمۋوللار سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىشقان. ھاسىلكالام، تىل تەربىيەسىدە ئۇل خاراكتېرلىك مائارىپ، تەپەككۇر ۋە بىلىشكە دائىر ھەر خىل تەلىم - تەربىيە شەكلى مۇشۇ ئالتۇن بوسۇغىدىن باشلىنىدۇ.

ئەمدى بىز مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى بولغان تىل ئىقتىدارى ۋە بۇ ھەقتىكى تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىگە دىققىتىمىزنى بۇرايمىز.

بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى ئىپادە كۈچى ئەدەبىلىرىنىڭ قەلىمىدە ئەڭ يارقىن ئەكس ئېتىدۇ. خوۋارد گاردىنېرمۇ شائىرلارنى تىل ئىقتىدارى نامايەندىلىرىنىڭ مۇتلەق ۋاكالەتچىلىرى دەپ تونۇپ، تىل ئىقتىدارى ھەققىدىكى مۇھاكىمىنى شائىرلارنىڭ تىل سەزگۈرلۈكىدىن باشلايدۇ. «شائىر ھەر بىر سۆزنىڭ مەنىسى ئۈستىدە قىلنى قىرىققا يارىدىغان سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك» دەيدۇ گاردىنېر «ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» دېگەن كىتابىدا. [10] «شائىر تاللىغان سۆز، — دەيدۇ ئۇ يەنە، — ئەڭ باشتا شېئىرىي ھېسسىيات قوزغىغان ھېسسىيات ۋە خاھىشىغا سادىق بولۇشى كېرەك». [11] پەن - تېخنىكا ئالىملىرى مەسىلە بىلەن مەسىلە، ئۇقۇم بىلەن ئۇقۇم، تەبىر بىلەن تەدبىر، ھادىسە بىلەن ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرق ياكى باغلىنىشقا ئېتىبار بەرسە، شائىرلار سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتلەرگە پەۋقۇلئاددە سەزگۈر كېلىدۇ، دەپ سېلىشتۇرىدۇ. ئۇ كىتابىدا لوگىكىلىق ئىسپات قائىدىسىنى پۇختا ئىگىلىمىگەن ئادەم ئالىم بولالمىغاندەك، سۆز ۋە جۈملىلەرگە بولغان سەز-

گۈزەللىكى كەم ئادەم شائىر بولالمايدۇ، دەيدۇ ئۇ ئىلگى-
رىلەپ. سۆز ۋە جۈملىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈك
ئاڭلاش ۋە پىكىردىكى بەركامال چىنىقىشتىن كېلىدىغان
سەۋىيە بولۇپ شېئىر مىسرالىرىدىكى ھەر بىر تۇراق،
ۋەزىن دېگەنلەر ئاخىر بېرىپ فونېمالارغا، بوغۇملارغا
تاقىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇزاق ۋاقىت تاۋلىنىشنى بېشىدىن
كەچۈرگەن شائىر مىسرالاردىكى بىرەر كەمتۈكلۈككە،
بىرەر گىراماتىكىلىق سەۋەنلىككە ئانچە زورۇقماي تۇ-
رۇپمۇ ئاگاھ بولالايدۇ ھەمدە مەسىلىنى شۇ ھامان تېپىپ
چىقالايدۇ. يېتىلگەن شائىر شېئىرنىڭ تېكىستىگە كۆز يۈ-
گۈرتمىسىمۇ، دېكلاماتسىيەنى ئاڭلىغان ھامان مىسرالارغا
ئېنىق سېزىم بىلەن ئىنكاس قايتۇرالايدۇ. نەچچە 10
مىڭ مىسرالىق داستاننى يادقا ئالالايدىغان خەلق داستاند-
چىلىرى شېئىرىيەتنىڭ شەكىل پىرىنسىپلىرىغا ئۆزلىرىمۇ
سەزمىگەن ھالدا رىئايە قىلىدۇ ۋە شۇ ئاساستا ئىجاد قى-
لىدۇ. قىرغىز تەتقىقاتچى ئادىل جۇمە تۇردى بىلەن
مامبەت تۇردى بىلگەن داستان نەزەرىيەسىنى يۈسۈپ
ماماي ئۆزى ئېيتقان «ماناس» داستانىدا ئىستخىيەلىك
بىر تەرەپ قىلىدۇ. خوتەنلىك مەشھۇر خەلق داستانچىسى
شامەمەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆزىگە ھىمرد-
ۋەتكەن ئۇنچىدەك مىسرالارنى تالاي ئېيتقان ئەمەس-
مۇ؟!

ئەمدى بىز ئىنسانلارنىڭ تىل سەزگۈسى باشتا
قانداق شەكىللىنىدۇ؟ دېگەن بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتى-
مىز. بىز ھومېر داستانلىرى، ماناس داستانى، ئۇيغۇر
خەلق چۆچەكلىرى كەبى تالاي مەنىۋى مىراسنىڭ بىزگە
قانداق جەريانلار بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى نەزەرگە
ئالغىنىمىزدا، يېزىق بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى تىل ھايا-
تىنىڭ ئېغىز بىلەن قۇلاقنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسىدا شەكىل-
لەنگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. قەدىمكى شامانلار، باخشىلار
ۋە مەدداھلار بىزنىڭ ئەڭ پېشقەدەم تىل سەنئەتكارلىرد-
مىز بولۇپ، ئۇلار ئەملەش، ئېيتىش، ئورۇنلاش ئۇسۇل-
لىرى بىلەن ئۆتمۈش ھاياتىمىز ھەمدە تەپەككۇر قاتلىمى-
مىزنىڭ ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە خاتىرىلەرنى جانلىق
پېتى بىزگە يەتكۈزدى. مەلۇمكى، ئىنسان بالىسى يېزىقنى
تونۇشتىن ئىلگىرى قۇلاق سەزگۈسى ئارقىلىق تىل جۇغ-
لانمىسىغا ئېرىشىدۇ. مەلۇم مەنىدە، مائارىپ قۇلاقتىن
باشلىنىدۇ دېسەكمۇ ئەمەلىيەتتىن ئانچە ھالقىپ كەتمىگەن
بولىمىز. ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىكى ئوچاق بېشى، تونۇر
بېشى، توي ۋە ئۆلۈم مەرىكىلىرى، مەشرەپ سورۇنلى-
رى، مۇقەددەس مازار سەيلىلىرى، مەدداھ تاۋىكالىرى
ئەڭ دەسلەپكى تىل مەكتەپلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
سۆزلەردىكى ئاھاڭ ۋە ئىنتوناتسىيە، رىتىم، سۈرئەت،
ھېسسىيات ۋە پۇراقلار ئاشۇ مەيدانلاردا بالىلارنىڭ قەل-
بىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۇلارنىڭ قەلب رىشتىسى 1000
يىللار ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ روھىي دۇنياسى بىلەن
تۇتۇشىدۇ. «قۇچاقتىكى بالىلارغا ھېكايە ئېيتىپ بەرگەند-
دە، بالىلار بۇ جەرياننى سۆيۈلۈش ھېسسىياتى بىلەن
باغلايدۇ. نەتىجىدە كىتابنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ.
مۇشۇ پۇرسەتتە بالىلار ھېكايىنىڭ تۆرتكىسى ئارقىلىق
ھەرخىل كەيپىياتنى ھېس قىلىدۇ ھەم پەرەز قىلىدۇ.
ئاندىن باشقىلارنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ، تېخىمۇ
سەزگۈر ۋە ئىنچىكە بولىدۇ.» [12] خوۋارد گاردنېر
«ئىجادىي روھ — ئۇتۇقلىرى ھاياتتىكى يەتتە خىل
ئەقلىي ئىقتىدار» دېگەن ئەسىرىدە، يۇقىرىدا قەيت
قىلىپ ئۆتۈلگەن يەتتە خىل ئىقتىدارنىڭ نامايەندىلىرى
بولمىش ئېينىشتېين، فرويىد، پىكاسسو، گەندى قاتارلىق
يەتتە نەپەر مەشھۇر شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى بىلىش
پسىخولوگىيەسى نۇقتىسىدىن بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ بې-
رىدۇ. تىل ئىقتىدارى ھەققىدىكى بابتا ئاپتور نوبېل ئە-
دەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەنگلىيەلىك شائىر
توماس. س. ئېلىئوت (Thomas S.Eliot) نىڭ بالىلىقى-
دىن كاتتا شائىرلىقىغىچە بولغان ئۆسۈپ يېتىلىش جەريا-
نىنى ئىنچىكە بايان قىلىپ بېرىدۇ.

شائىر ئېلىئوت ناھايىتى ئەۋزەل ئائىلە شارائىتىغا
ئىگە بولۇپ، دىنىي رەھبەر ۋە پۇل مۇئامىلە ماگناتى
بولغان بوۋىسى ۋاشىڭگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان
كىشى ئىدى. دادىسى بولسا زور تەسىرگە ئىگە كارخاني-
چى ئىدى. ئانىسى كۆپ كىتاب ئوقۇغان شائىرە ئىدى.
ئېلىئوت گەرچە تېنى ئاجىز بالا بولسىمۇ، ناھايىتى
زېرەك بولۇپ، ئۆزى چوڭ بولغان مۇھىتقا ئائىت
كۆچلۈك سېزىم بىلەن مول ئەسلىمىلەرگە ئىگە بولىدۇ.
ئانىسىنىڭ تەسىرىدە جىق كىتاب ئوقۇغان ئېلىئوت ئون
يېشىدىلا ئۆز ئالدىغا ژۇرنال تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر

بۆلۈك شېئىر، ھېكايە، نەسرنى كىرگۈزگەنىكەن. «ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىنگلىزچە، لاتىنچە، گىرېكچە ۋە فىرانسۇزچە قاتارلىق تىللاردا ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن دېگۈدەك يادىدا قالاتتى» [13] دەپ تەسۋىرلەيدۇ گاردىنېر. گاردىنېر ئېلىئوت ئىجادىيىتىنىڭ گۈل تاجى سۈپىتىدە ئۇنىڭ «خارابە يەر» ناملىق داستانىنىڭ تىل جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىدۇ. داستاندا «ئىنجىل»نى، مىلتون داستانلىرىنى، شېكسپىر دراممىلىرىنى، دانتىنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى»نى مەنبە قىلغان نۇرغۇن مىسرا يولۇقىدۇ. بۇنىڭدىن ئېلىئوتنىڭ ئوقۇلما زاپىسىنىڭ نەقەدەر مولۇقىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەك، ئېلىئوت ئىجادىيىتىنىڭ زوۋۇلىسى باللىق دەۋرىدىلا تەييار بولغانىدى.

گاردىنېر تىل ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا چۆچەك، داستان، دىنىي قىسسەلەرنى ئاڭلاش، ماقال - تەمسىل ۋە ئەقلىيە سۆزلەرنى يادلاش، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى نەمۇنىلىك قۇرلارنى كۆچۈرۈش ۋە ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ بەزى نەرسىلەرنى يېزىش، كۈندىلىك خاتىرىلەرنى يېزىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئېيتىلىشىچە، فىرانسىيە يازغۇچىسى سارتېرى (J.P.Sartre,1905— 1980) بەش يېشىدا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى پىششىق، راۋان سۆزلىرى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغانىكەن. ئامېرىكىنىڭ داڭلىق شائىرى روبېرت لوۋېل (Robert Lowell, 1917— 1977) ئۆزىدىن بۇرۇنقى كاتتا شائىرلارنىڭ مىسرالىرىنى يادلاشقا ئەھمىيەت بەرگەنىكەن. ئەلشىر نەۋايى باللىق دەۋرىدە فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق داستانىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىدە خامۇش يۈرگەنىكەن. ئۇ يەتتە يېشىدىلا قولىغا قەلەم ئېلىپ گۈزەل مىسرالارنى يېزىشقا باشلىغان. شائىر تېيىپجان ئېلىيېف «شېئىرىيەت توغرىسىدا ياش ھەۋەسكارلار بىلەن سۆھبەت» ناملىق ماقالىسىدە «مەندە شېئىرغا ھەۋەس خېلىلا بۇرۇن ئويغانغانىدى. كىچىكىمدىنلا ناخشىغا بەك زوقمەن بولغانلىقىمدىن ناخشا ئاڭلاپ، ناخشا ئۆگىنىش جەريانىدا، 14 ياشقا كەلگۈچە بىرەر 1000 كۇپلېتقا يېقىن خەلق قوشىقىنى يادلىۋالدىم» [14] دەپ يازىدۇ. مەن ئەدەب ئابدۇ- رېھىم ئۆتكۈر بىلەن ھەمداستىخان بولغانلىرىمدا، سۆيۈپ ئاللا يارنىڭ «سۇباتۇل ئاجىزىن» ناملىق تەۋھىدنامىسىنىڭ بىر قانچە بۆلىكىنى يادقا ئوقۇپ بەرگىنىنى كۆرگەنىدىم. ئۇ زات گەپ - سۆز داۋامىدا ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، كلاسسىكلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ تۇراتتى. مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ كىشى بىلىمى مول ئەدىب بولۇپلا قالماي، پىشقان ناتىق ئىدى. ئەجدادلىرىدىن قالغان مىراسلار بىلەن كىچىكىدىن باشلاپ قانغۇدەك ئۇچرىشىش مەشھۇر تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورتاق تەرەپى بولۇپ، بۇنى شەخسلەر ھەققىدىكى تەزكىرىلەر تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. زامانىمىزدىكى مەشھۇر تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمان نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان»دىكى نۇرغۇن مىسرانى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيدۇ. گاھىدا چاقچاق قىلىپ، شېۋىلەرنى قوللىنىپ پاراڭ سېلىپ بېرەلەيدۇ.

تىل ئۆزلەشتۈرۈش — ئاڭلاش، يادلاش، تەقلىد قىلىش، ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش قاتارلىق باسقۇچلار بىلەن جەريانلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئاڭلاش بىلەن يادلاش باللىقتىكى تىل تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك باسقۇچى بولىدۇ. «ھەر بىر تىل ئەجدادلاردىن بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن خۇرۇچقا ئېرىشكەن، — دەيدۇ گېرمانىيەلىك تىلشۇناس ھۇمبولت (W.V.Humboldt)، — شۇڭلاشقا، ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى پائالىيەت باشتىن - ئاياغ بۇرۇنقى جۇغلانما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇ تامامەن يېڭىدىن يارىتىش پائالىيىتى بولماستىن، بەلكى بىر تۈرلۈك ئۆزگەرتىش پائالىيىتىدۇر.» [15] چۆچەك ئاڭلاش، شېئىر يادلاش، كىتاب ئوقۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر كىشىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئۈلگىلەرنى توپلاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى بولۇپ، بۇنداق ئاساس ھازىرلانمىغان شارائىتتا، ئىجادىيەت ۋە يېڭىلىقنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بىر تىلنى ئىشلىتىش جەريانى تەبىئىي ھالدىكى بىر ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ، بۇ جەرياندا مىراسخور ئۆزى بىلەن ئەجداد، ئۆزى بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھالقىلىرىدا ئۆزلۈكىنى بايقاپ، تەپەككۇر ۋە ئاڭدىكى مىللىيەتنىڭ داۋام ئەتكۈچىسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ھۇمبولت مۇنداق دېگەن: «ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شەكلى

بىلەن تىلنىڭ شەكلى ئۆزئارا ماسلاشقان بولىدۇ. تىل مىللىي روھنىڭ ئىپادىسى. مىللىي تىل دېگەن مىللىي روھ دېمەكتۇر. مىللىي روھ مىللىي تىل دېمەكتۇر. بۇ ئىككىسىنىڭ بىردەكلىك دەرىجىسى بىز ئويلىغاندىنمۇ ئالاھىدە». [16] تارىختا ۋە دەۋرىمىزگە نەزەر سالساق، دۇنيا سەھنىسىدە بېجىرىم پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مائارىپىدا ئەجدادلىرىدىن قالغان ئەدەبىي مىراسلارنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئېنگلىزلارنىڭ بالىلىرى شېكسپىرنى ئوقۇپ چوڭ بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بالىلىرى «تەۋرات» ئوقۇپ چوڭ بولىدۇ، خەنزۇلارنىڭ بالىلىرى «ئۈچ خەتلىك دەستۇر» بىلەن تاڭ شېئىرلىرىنى يادلاۋاتىدۇ. ئەرەب تىلى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەر ھەققىدىكى ئۈزلۈكسىز شەرھلەر ئارقىسىدا ئېتىقاد، پەلسەپە ۋە ئەخلاقنىڭ مۇستەھكەم سىستېمىلىرى بىلەن بېيىدى. ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىچۇ؟ مەن بۇ سوئالنى ھازىرچە ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرىمەن. چۈنكى بۇ ئايرىم بىر تېما، مەدرىسە مائارىپىمىزدا تەۋھىد ئەقىدىلىرىگە ئائىت دەستۇرلار، نەۋايى شېئىرلىرى ئوقۇلۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئەنئەنىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە 60 يىل بولاي دەپ قالدى. بىز ھازىر يېزىق مەدەنىيىتى بىلەن رەقەم مەدەنىيىتىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. يېزىق مەدەنىيىتى دەۋرىدە خەلقىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ساۋاتلىق قىلالىدۇق. بۇ ساۋاتلىقلارنىڭ ئىچىدە كىتاب ساۋاتسىزلىرى ئاز ئەمەس. رەقەم مەدەنىيىتى بىزگە ئەجدادىدىن بىراقلا خوشلىشىۋاتقان غەيرىي ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا يادلاشنى، ھېكايە ئېيتىپ بېرىشنى مەزمۇن قىلغان ئائىلىۋى تىل مائارىپىنى كۆپچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئاردا يىن جيەنلى دېگەن بىر ئاپتورنىڭ «قابىل ئانا — ياخشى ئۇستاز» ناملىق بىر ئەسىرى جۇڭگودا بازارلىق كىتابلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئىككى خىل نۇسخىدا نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى دېگەندەك ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتمىدى. بۇ كىتاب ماڭا خېلى ئەرزىدى. ئاپتور «كلاسسىك شېئىرلاردىن زوق ئالغان بالا» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا، بىزنىڭ ئائىلىمىزدە كەم بولۇۋاتقان تەربىيە مەزمۇنلىرى ھەققىدە ئاممىباب بايانلارنى يۈرگۈزىدۇ. بىز ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىدىن ئىلھام ئالساق بولىدۇ:

«يۇەن يۇەن تۆت - بەش ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭغا رەسمىي ھالدا كلاسسىك شېئىرلارنى ئوقۇشنى ئۆگىتىشكە باشلىدىم.» [17]

«سەبىي بالىلار كلاسسىك شېئىرلارنى ئۆگەنگەندە، مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئېتىبار قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. كلاسسىك شېئىرلاردىكى رىتىم، قاپىيە، ئاھاڭدارلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ياخشى سەزگۈ بولسىلا تەبىئىي ھالدا ئاستا - ئاستا چۈشىنىش شەكىللىنىدۇ.» [18]

«ئەگەر بىر ئادەم شېئىر ئوقۇش جەريانىدا، ئەزەلدىن شېئىرىي ھېسسىياتتىن ھاياجانلىنىپ باقمىغان، ئۇنىڭدىكى تىل گۈزەللىكىگە مەپتۇن بولمىغان، ئۇنىڭدىكى ئەقىل - پاراسەتنى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمىغان بولسا، ئۇ 10 مىڭ كۇپلېت شېئىر يادلىغان تەقدىردىمۇ شېئىر ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» [19]

«بەزىبىر جۈملىلەرنى ۋاقتىنچە ئوقۇپ چۈشەنمىسە ھېچ ۋەقەسى يوق. كېيىنچە تەبىئىي ھالدا چۈشىنىپ كېتىدۇ.» [20]

يىن جيەنلىنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدىن بالىلارغا كلاسسىك شېئىرلارنى يادلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى، ئەھمىيىتى ۋە ئۇسۇلى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. بىر قارى بالا 30 پارە قۇرئاننىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا يادقا ئېلىپ بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئەرەبچە ئىبارىلەرنىڭ تەلەپپۇزى، سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلىشى ھەمدە ئەرەب تىلىدىكى جۈملە شەكىللىرى، ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ئىستىخىيەلىك بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بالا كېيىنكى قەدەمدە ئەرەب تىلى لۇغىتى ۋە تەپسىر ئىلىملىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۆزى باشتا يادلاپ بولغان كىتابنىڭ مەنىسى ۋە ئانا تىلىدىكى شەرھىسى ھەققىدە بۇرۇن ئويلاپ باقمىغان مول بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئۇ چوڭ بولۇپ، يېتىلىپ، ھايات، كائىنات، مەنىۋىيەت ھەققىدە مۇستەقىل چۈشەنچە يېتىلدۈرگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەتچان

تېكست بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ تېكىستىنى ئۇچراشتۇرۇپ، كىشىلىك جەمئىيىتى ھەققىدە مۇتەپەككۇرانە ھۆكۈملەرنى قىلالايدىغان بولىدۇ. «چۈشىنىش» دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ نوقۇل ئەقلىي پائالىيەتمۇ؟ چۈشىنىش ئەقىل، ھېسسىيات، دىيالېكتىكا، مېتافىزىكا تەركىبلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە دەپ قارىساق، باللارنىڭ ئۆزلىرى يادلىغان مەلۇم بىر تېكىستكە بولغان مەيتۇنكارلىقىنىڭ ئۇزىدە چۈشىنىشتىن ھالقىپ كەتكەن ئەقلىي سەرمايىلەر بار، دېيىشكە بولىدۇ. ساۋاتسىز بىر دېھقان ياكى بىر نىمكار يەسەۋىينىڭ ھېكمەتلىرىنى قانداقىسىگە يادلىۋالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىراق ئۇ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە بېيىغانسېرى يەسەۋىي ھېكمەتلىرىنىڭ تەكتىگە شۇنچە يېتىدۇ، يەتكەنسېرى ئۆز ھاياتىنى يەسەۋىي ھېكمەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىدۇ. مەشھۇر رۇس پېداگوكى ئۇشىنسكىي (1824ـ 1871) «ئانا تىلنى ئۆگىنىشتە گىرامماتىكا قائىدىلىرى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى تىلنىڭ ئۆزى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى توغرا قوللىنىش ئۈستىدە كۆنۈكمە ھاسىل قىلىش كېرەك» [21] دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «بالا ئانا تىلنى ئۆگەنگەندە، — دەيدۇ ئۇ يەنە، — پەقەت شەرتلىك تاۋۇشلارنىلا ئۆگەنمەيدۇ. بەلكى ئانا تىلنىڭ يۈرىكىدىن روھىي ھاياتنى ۋە كۈچنى ئېچىۋالىدۇ. بۇ سۆز ئۇنىڭغا تەبىئەتنى شۇنداق چۈشەندۈرىدۇكى، ھېچبىر تەبىئەت ئالىمى ئۇنداق چۈشەندۈرەلمىگەن بولاتتى. ئۇ سۆز باللارنى ئۆزىنى ئورىۋالغان كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن، ئارىسىدا ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىلەن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تارىخى بىلەن، ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرى بىلەن شۇنداق تونۇشتۇرىدۇكى، ھېچبىر تارىخچى ئۇنداق تونۇشتۇرالمىغان بولاتتى. بۇ سۆز ئۇ بالىنى خەلق ئىشەنچىگە، خەلق شېئىرىيىتىگە شۇنداق يېقىن قىلىدۇكى، ھېچبىر ئېستېتىك ئۇنداق يېقىن قىلالمىغان بولاتتى. ئۇ سۆز ئاخىرىسىدا شۇنداق مەنتىقى چۈشەنچىلەرنى ھەم پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى بېرىدۇكى، ئۇلارنى ئەلۋەتتە ھېچ پەيلاسوپ بالىلارغا ئۇنداق ئۇقتۇرالمىغان بولاتتى.» [22]

ئۇشىنسكىنىڭ بۇ سۆزىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، ئانا تىلدىن خەۋىرى يوق بىر دوكتور ئۆز ئەجدادىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئىنگلىزچە، رۇسچە ياكى خەنزۇچە كىتابلارنى ئوقۇپ مول بىلىملەرنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭدا شۇ خەلقنىڭ تىلى بىلەن باغلانغان مول ھېسسىيات ۋە چىن مۇھەببەتنىڭ بولۇشىغا ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. بىز تۆۋەندىكى خەلق ئەدەبىياتىغا قاراپ باقايلى:

كىشى مېنى كىشى دېسە، يانچۇقۇمدا كىشمىشىم،
كىشى مېنى كىشى دېمىسە، كىشى بىلەن نېمە ئىشىم.

بۇ تېكىستتە كىشىلىك مۇناسىۋەت پەلسەپىسى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، دوستلۇقنىڭ باراۋەرلىك پرىنسىپىنى كۆرەلەيمىز. ئېيتىلىش ئۇرامى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىچ قاپىيە ۋە تاش قاپىيە تۈزۈلۈشى جۈملىلەرنى ئاھاڭدارلىققا تويۇندۇرۇپ، ئەستە ساقلاشقا قولايلىق يارىتىدۇ. يەنە بىرى، مەزكۇر تېكىست ئۇيغۇر تىلىدىكى «ك» تاۋۇشى بىلەن «ش» تاۋۇشىنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ، توغرا تەلەپپۇز قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. بىز يەنە تۆۋەندىكى باللار بېيىتىگە قاراپ باقايلى:

يامغۇر ياغدى، قار ياغدى، شارقىراپ كەتتى،
ئۆتتۈكۈمنى مايلىسام پارقىراپ كەتتى.

يۇقىرىقى ئىككى مىسرا مەزمۇن جەھەتتىن تۈزۈك باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس. بېيىتتا سۆز ھېرىسمەنلىكى، قاپيە ئويناقلىقى، رىتىم شەيدالىقى نەتىجىسىدە روياپقا چىققان ئۇيۇشۇش بار. ئۇ تەبىئىي ھالدا باللارنىڭ ياددا قېلىپ، باللار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا دېكلاماتسىيە قىلىپ يۈرۈشىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مىراسلىرىنى نوقۇل ھالدا مەنتىقىي ئىزچىللىقنى سۈرۈشتۈرۈپ باھالاش ياكى تەنقىدلەش بىر ئاز ساددىلىق بولۇپ قالىدۇ. باللاردا مەزمۇن ۋە مەنتىقىي ئىزچىللىق تەلىپى بولمايدۇ ياكى غۇۋا بولىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن سۆزلەردىكى قاپىيەدارلىق ۋە ئاھاڭدارلىق ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. باللار شائىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە، باللارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش پسىخىكىسى، قىزىقىشى ۋە شەيئىلەرگە قارىتا كۆزىتىش ئورنى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالماي قالمايدۇ. بىز شائىر ئابلىكىم ھەسەننىڭ «چاشقان» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

چاشقان، چاشقان،
قورسىقى ئاچقان.

خەقنىڭ نېنىنى
ئېلىپ قاچقان،
يازدا ئوغرىلاپ،
قىشتا ياتقان.
تۆشۈكى ئالدىدا
تۆمۈر قاپقان.
چاشقان، چاشقان،
چېكىدىن ئاشقان.
مۈشۈكنى كۆرسە،
چىرقىراپ قاچقان.

ئاڭلا، ئاسلىنىم،
چاشقان كەلدى كاپ ئەتكىن،
تۇتۇۋېلىپ هاپ ئەتكىن.
تېرىسىدىن قاپ ئەتكىن،
چالدىغان داپ ئەتكىن،
قۇيرۇقىدىن ساپ ئەتكىن.

ئۇنىڭدىن كېيىن،
«پۇش، پۇش، پۇش...»
ئېتىكىمدە
ئۇيقۇغا كەتكىن. [23]

بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇرى بالىلارنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يۇقىرىقى شېئىرنىڭ تىلى ۋە ۋەزنى بالىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بالىلار شېئىرلىرىدىكى يەڭگىللىك، مۇئەييەن يۇمۇرىستىك كەيپىيات، قاپىيە شوخلۇقى تۆۋەندىكى بالىلار شېئىرىدا تېخىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكەن.

دومىلاپ كەلدى دۈشەنبە،
سايراپ كەلدى سەيشەنبە،
چارلاپ كەلدى چارشەنبە،
پايلاپ كەلدى پەيشەنبە،
ئۇلۇغ جۈمە، شېكەر شەنبە
ئوينايدىغان يەكشەنبە. [24]

يۇقىرىقى مىسرالاردا ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئىسىملىرى مۇئەييەن خۇلق ۋە كۆرۈنۈش بىلەن جانلىنىپ كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولىدۇ. كۈنلەرنىڭ نامىنى جانلاندۇرۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ باش ھەرپى كۈنلەرنىڭ نامىدىكى باش ھەرپ بىلەن ماسلىشىپ، مۇزىكىلىق سېزىم شەكىللەندۈرىدۇ. بالىلار يەتتە كۈننىڭ نامىنى مۇئەييەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سۆزلەر بىلەن باغلاپ، خاتىرىسىگە ئېلىۋالىدۇ. يۇقىرىدا بىز مىسال كەلتۈرگەن مىسرالار بالىلارغا نىسبەتەن تەپەككۇر ۋە تىل كۆندۈرۈش مەشىقى بولالايدۇ.

چومىسكىي ئادەمنىڭ مېڭىسىدە بىر تىل رايونى بار، ئۇ چەكلىك سۆز ۋە قائىدە ئارقىلىق گىرامماتىكىغا ئۇيغۇن سانسىز جۈملىنى تۈزۈپ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلىيەلەيدۇ ياكى باشقىلارنىڭ مۇرەككەپ ئىدىيەسىنى چۈشىنەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە خۇددى گۈلگە مۇۋاپىق تۇپراق بولمىسا قۇرۇپ قالغاندەك، بالىلار تىلى چىقىدىغان ھالقىلىق مەزگىلدە، تىل مۇھىتىدىن ئايرىۋېتىلسە، ئۇلارنىڭ تىل سەزگۈسى گاللىشىپ كېتىدۇ. بالىلارنىڭ تىل رايونى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا باشلايدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ مۇھىم مەزگىلىنى قايسى تىل مۇھىتىغا بېغىشلايدۇ، بۇ شۇ ئاتا - ئانىنىڭ ئېتىقادى ساپاسى، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇرال مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. چومىسكىينىڭ نەزەرىيەسى بويىچە بولغاندا، بىر بالا ئۆز ئانا تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالسا، ئۇ كېيىن باشقا تىللارنىڭ گىرامماتىكىسىنى ئۆگىنىشكىمۇ ئاساس سالغان بولىدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى تىللار گىرامماتىكىلىق ئورتاقلىققا ئىگە، شۇنداق بولغاچقا، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنەلەيدۇ.

چومىسكىنىڭ ئۇنىۋېرسال گىرامماتىكا نۇقتىئىنەزەرى گېرمانىيەلىك بۈيۈك تىلشۇناس ۋە پەيلاسوپ ھۇمبولت (1767ـ 1835) نىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىمۇ ئىزچىللىشىدۇ:

«مەيلى مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ياكى ۋار - ۋار ئادەملەر بولسۇن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئانا تىل باشقا تىللارغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ ئىچكى قىممەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئانا تىل ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىغا ئادەمنىڭ قۇلىقىدا تاسادىپىي بىر سېھىر بىلەن ئاجايىپ تاتلىق سېزىملەرنى

ئويغىتالايدۇ. بىر مۇساپىر ياقا - يۇرتلاردا بولغان تەقدىردىمۇ ئانا تىل ئۇنىڭ يۇرتنى سېغىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىيالايدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم تۈرتكە تىلدىكى ئىددىيەۋى ھېسسىيات ۋە مەنىۋى تەرەپلەرنىڭ ئىپادىسىدە بولماستىن، دەرھال چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغان ئايرىم بىر تەرەپتە، يەنى تىل تاۋۇشىنىڭ ئۆزىدىدۇر. كىشىلەر ئۆز ئانا تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر قىسمىغا ئېرىشكەندەك بولىدۇ.» [25] بۇ سۆزدە ئانا تىلنىڭ قۇدرىتى ۋە مەنىۋى كاپالىتى تەكىتلىنىدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىدە بولسا ئانا تىل بىلەن چەت ئەل تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىلىدۇ: «مەلۇم بىر تىلنى ئۆگىنىش بۇرۇن شەكىللەنگەن دۇنيا قاراشنىڭ ئىلكىدە يېڭى بىر پۇت تىرەش نۇقتىسىنى تاپقاندەك بىر ئىش. چۈنكى، ھەرقانداق تىل مۇئەييەن ئىنسانلار توپىنىڭ ئۇقۇم شەكىللىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىدە بار بولغان ئازدۇر - كۆپتۇر دۇنيا قاراش ۋە تىل قارىشىنى يات تىل ئىچىگە ئېلىپ كىرىددىغان بولغانلىقى ئۈچۈن يات تىلنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆگەنگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ كېتەلمەيدۇ» [26]

بىز ماقالىمىزدە خۇۋارد گاردنېر، نوم چومسكىي، ك. د. ئۇشىنسكىي، ۋ. ف. ھۇمبولت قاتارلىق پسىخولوگ، پېداگوك، تىلشۇناس ۋە پەيلاسوپلارنىڭ باللارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا تىل تەربىيەسىنىڭ ئوينايدىغان رولى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، باللار ئەدەبىياتى، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تىل تەربىيەسىدىكى قىممىتىنىمۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە قويۇپ ئۆتتۇق. ماقالىدىكى نۇقتىئىنەزەردىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تىل تەتققاتى ساھەسىدە دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە شەخسلەرنىڭ پەكىرلىرىدىكى ئىزچىللىقنى بويلىدۇق. سۈنئىي ۋە زورمۇزور تەرغىبات قىلىشتىن مۇمكىنقەدەر ساقلىنىشقا تىرىشتۇق. ماقالىمىزدە نەقلىي ۋە ئەقلىي ئۇسۇللار ۋە بەزى تەسۋىرىي شەكىللەر بىردەك قوللىنىلدى. مۇئەللىپنىڭ مەقسىتى ئۆز ئالدىغا تەلىم يارىتىش ئەمەس، بەلكى تەسىرچان مۇتەپەككۇرلارنىڭ دۇنيادا ئىناۋەتكە ئىگە قاراشلىرىنى ئۇلاردىن بىخەۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ سەمىگە سېلىش ۋە ئانا تىلنى باللارنىڭ ئەڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ئىگىللىتىشنىڭ ئىلمىي ھەم توغرا ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلە تەربىيەسىدە تىلنىڭ ئورنىغا سەل قارىماسلىق كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىش.

مۇئەللىپ مەزكۇر ماقالىسى ئارقىلىق تىل، ئۇچۇر ۋە رەقەم بىلەن خاراكتېرلەنگەن دەۋردە ئەۋلادلارنىڭ ئەقىل قۇرۇلمىسى، جۈملىدىن تىل ئەقلى ئۈستىدە گاڭگىراۋاتقان ئاتا - ئانىلارغا شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇ:

(1) پەرزەنت تەربىيەسى قىممەت جەھەتتىن ھەرقانداق ئىقتىسادىي پايدىنىڭ ۋەزنىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىستىقبال قۇرۇلۇشى بولۇپ كەسىپ ۋە سودا جەھەتتىكى ھەرقانداق زور ئۇتۇق بالا تەربىيەلەش جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنى تولۇقلاپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنى كىچىككۇرگىلى، ئۆتۈنۈپ بەرگىلى ياكى ھاۋالە قىلغىلى بولمايدۇ.

(2) ھەرقانداق ئائىلە مۇنتىزىم ئەۋلاد تەربىيەسىنى ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلىشى زۆرۈر.

(3) ئائىلىدىكى تىل تەربىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشى ئۈچۈن ئاممباب، قىزىقارلىق، مەزمۇنلۇق قولللانمىلار ئىشلىنىشى لازىم. «خەلق قوشاقلىرىدىن 100 كۇپلېت»، «كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 100 ماقال - تەمسىل»، «كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 100 ئىدىيوم»، «باللار ئۈچۈن تېپىشماقلار» دېگەندەك ئائىلىۋى قوللانما كىتابلار ئاتا - ئانىلارنىڭ قولىغا تېگىشى لازىم. باللار بۇ كىتابلارنىڭ ۋاستىسى، ئاتا - ئانىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا، تىل جەھەتتىن مەشقلەندۈرۈلۈشى، ئەجدادلارنىڭ تەۋەرۈكلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرۇلۇشى لازىم.

ئاخىرىدا ئۆزبېكىستان شائىرى خۇرشد دەۋراننىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەنەپپۇسلۇق سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلىمەن:

ئۆز تىلىنى ئۇنتۇغان خەلقنىڭ
باغلىرىدا ئۈسكەن گۈللىرىنى.
چىرماپ ئالار زەھەرلىك يىلان.

ئۆز تىلىنى ئۇنتۇغان خەلقنىڭ
ئاسمىنىدا پارلىماس قۇياش -
نۇر ئورنىدا تۆكۈلىدۇ تاش.

ئۆز تىلىنى ئۇنتۇغان خەلقنىڭ
ئۈيقۇسىدا ئەسلا ئارام يوق ـ
تېگىپ تۇرار كۆكرىكىگە ئوق.

ئۆز تىلىنى ئۇنتۇغان خەلقنىڭ
مازارىغا كېلىپ باللار
گۈل ئورنىغا قويىدۇ تىكەن. [27]

**نەقىل مەنبەلىرى:**


[1] خۇرشىد دەۋران: «سەمەرقەند خىيالى» (ئۆزبېكچە)، «كامالەك نەشرىياتى»، 1991 ـ يىلى نەشرى، 42 ـ بەت.

[2] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «ياخشى ئادەم: ئائىلە تەربىيەسىگە قايتىش»، «ئانىنىڭ كامالىتى، بالىنىڭ ھالاۋىتى» (ئۇيغۇرچە) ناملىق كىتابقا قارالسۇن، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى.

[3] جون دېۋىي: «مېنىڭ مائارىپ ئەقىدەم» (خەنزۇچە)، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ بەت.

[4] يۇقىرىقى كىتاب، 14 ـ بەت.

[5] ۋېن لوڭلىڭ: «ئەقلىي ئىقتىدار ئىنقىلابى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو ئاكسىيە نەشرىياتى، 2013 ـ يىلى نەشرى، كىرىش سۆز قىسمىغا قارالسۇن.

[6] خوۋارد گاردنېر: «كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدار ھەققىدە يېڭى نەزەر» (خەنزۇچە) جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 6 ـ بەت.

[7] 5 ـ ئىزاھاتتا كۆرسىتىلگەن كىتاب، 5 ـ، 6 ـ بەتلەر.

[8] دېۋىدگ. مايېرس: «پسىخولوگىيە» (خەنزۇچە)، خەلق پوچتا ـ تېلېگراف نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى 8 ـ نەشرى، 344 ـ بەت.

[9] يۇقىرىقى كىتاب، 344 ـ بەت.

[10] خوۋارد گاردنېر: «ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ قۇرۇلمىسى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى، 94 ـ بەت.

[11] يۇقىرىقى كىتاب، 95 ـ بەت.

[12] مارىيانا ۋولف: «پىروست ۋە سىياھبېلىق ــــ كىتاب ئوقۇش تەپەككۇرىمىزنى قانداق ئۆزگەرتىدۇ» (خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 80 ـ بەت.

[13] خوۋارد گاردنېر: «ئىجادىي روھ ــــ ئۇنتۇلغۇق ھاياتتىكى يەتتە خىل ئەقلىي ئىقتىدار» (خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى، 203 ـ بەت.

[14] تېيىپجان ئېلىيېۋ: «ئەسەرلەر» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى، 140 ـ بەت.

[15] ۋ. ف. ھۇمبولت: «ئىنسانلار تىل قۇرۇلمىسىنىڭ پەرقى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى» (خەنزۇچە)، سودا باسمىسى 2008 ـ يىلى 4 ـ نەشرى، 58 ـ بەت.

[16] يۇقىرىقى كىتاب، 52 ـ بەت.

[17]، [18]، [19]، [20] يىن جيەنلى: «قابىل ئانا ــــ ياخشى ئۇستاز» (ئۇيغۇرچە) ئابدۇراخمان قادىر تەرجىمىسى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى، 64 ـ ، 78 ـ بەتلەر.

[21] ك. د. ئۇشىنسكىي: «تاللانغان پېداگوگىك ئەسەرلەر»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1959 ـ يىلى نەشرى، تاشكەنت، 1959 ـ يىل، 727 ـ بەت.

[22] يۇقىرىقى كىتاب، 671 ـ بەت.

[23] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (ئۇيغۇرچە)، 2013 ـ يىلى 3 ـ دېكابىر، ئومۇمىي 9597 ـ سان، ئەدەبىيات بېتى.

[24]. «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (ئۇيغۇرچە)، 11 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى، 286 ـ بەت.

[25] ۋ. ف. ھۇمبولت: «ھۇمبولتنىڭ تىل پەلسەپىسىگە دائىر ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمى» (خەنزۇچە) سودا باسمىسى 2011 ـ يىلى نەشرى، 338 ـ بەت.

[26] يۇقىرىقى كىتاب، 340 ـ بەت.

[27] ئىزاھات 1 ـ دىكى كىتاب، 59 ـ بەت.


**بۇ سانىنىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كورېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەرىيەمگۈل ئىندرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).**




## تەپەككۇر كۆزى

### ئىزتىراپلىق خىياللار

▲ روھىي دۇنياسى مېيىپ كىشىلەر ھەقىقەتنى ئېتـ-
راپ قىلىشقا ئاجىز كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەقىقەتتىن قورسۇر
ئىزدەيدۇ.

▲ ئىنساننىڭ تۇنجى مەكتىپى ئائىلىدۇر. شۇڭا ئائى-
لە ناھايىتى مۇستەھكەم ھەم ساغلام قۇرۇلۇشى كېرەك.

▲ بۈگۈن سەن پەرزەنتلەر ئۈچۈن مەبلەغ
سالساڭ، ئەتە پەرزەنتلەر سەن ئۈچۈن پايدا يارىتىدۇ.

▲ ئىنسان ئۆز بىلىمىنى ھەر كۈنى يېڭىلاپ تۇرۇ-
شى كېرەك. چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەرى-
كىتى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

▲ مېتودولوگىيە قارىشىغا قانچىكى ھېرىسمەن كىشى-
لەر شۇنچىكى ئىجادكار ۋە تىرىشچان كېلىدۇ.

▲ ئىلىملىك ئەلدە ئادالەت، ئىلىمسىز ئەلدە جاھالەت.

▲ شۇنداق ئادەملەر باركى: نەچچە يۈز كۋادرات
مېتىر ئۆيلەرنى بېزەش ئۈچۈن ئاجايىپ سېخى، بىر تال
كىتاب ئېلىش ئۈچۈن بەكمۇ بېخىل.

▲ ھەقىقىي ياخشى باشلىق نوقۇل باشقۇرۇشنى
ئەمەس، بەلكى باشلامچىلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

▲ ئەقىدە قارىشى مۇكەممەل بولمىغان ئىنساننىڭ
روھىي دۇنياسى مۇجمەل كېلىدۇ.

▲ ئەمگەكسىز ئېرىشكەن مال-دۇنيا بەرىكەتسىز
كېلىدۇ.

— روزىمەت نىزام

ئاپتور: خوتەن ۋىلايىتى خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق ئوتتۇ-
را مەكتەپ

### مۇنبەر چۇقانلىرى

▲ باشقۇرۇشتىكى «قارىغۇ»، «گاس»لىق مائارىپتى-
كى ئادەم ئىسراپچىلىقى ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى ئەڭ يۇ-
قىرى چەككە كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

▲ ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئالدىدا ھەقىقەتنى قوغ-
داشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى
بۇلغاپ رەزىللىككە باش ئەگدۈرۈپ قۇللۇققا دۇچار قىلىدۇ.

▲ مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە شوئار، چاقىرىق
كۆپ، ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش
ئاز بولسا مائارىپتىكى سۈپەتسىزلىك كىرىزىس پېتى داۋام
قىلىۋېرىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلاشماي بىر-بى-

رىنى يېتىم قالدۇرۇشى ماتارىپىمىزدىكى بىر بەختسىزلىك.

▲ ئىدىيە بىرلىكى ۋە ھەرىكەت بىرلىكى بولمىغان ماتارىپنىڭ ئارقىسىغا ئىغىر كىرىزىس سايە تاشلىغان بولىدۇ.

▲ ئوقۇتقۇچى بىلەن ئۇستازنىڭ پەرقى بار. ئۆز بىلىمى، ئەخلاقى ۋە قەيسەر خاراكتېرى بىلەن تەربىيەلەنگۈچىلەرگە تەسىر كۆرسىتەلىگىنى ئۇستاز، ئۇنداق قىلالمىغىنى بولسا كىتاب «ئوقۇتۇش» قىمۇ يارىمايدىغان ئوقۇتقۇچىدۇر.

▲ ئوقۇتقۇچى ئەمگىكى، روھى ئارقىلىق روھ ياردىتىدىغان ئەمگەك.

## ھېكمەت چاچقۇلىرى

▲ ئاتا-ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى پەرزەنتىگە بولغان خالىس مېھرىدىن كۆرە، مۇھىمى، مەسئۇلىيەتنى ۋە ھەقىقەتنى تونۇتقانلىقىدا.

▲ ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشنى ئەقلىي رەۋىشتە يىكرىي چوڭقۇرلۇققا قاراپ يېتەكلىيەلمىگەن ئادەم، ئۆزلۈك مۇقامىغا ئىبرىشتۇرىدىغان تەپەككۇر گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

▲ ھاياتنى سۆيۈش ئىنسانىيەتنى قىزغىن سۆيۈشلا ئەمەس، بەلكى رەڭگارەڭ ھاياتلىق شەكلىنى ۋە تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈش دېمەكتۇر.

▲ سىنىڭ ئۆزۈڭدىن سەسكىنىشكە باشلىغان ۋاقتىڭ، دەل ۋىجدانىڭنىڭ ئويغىنىشقا باشلىغان ۋاقتىدۇر.

**— ئابلىز ئىبراھىم دولان**

ئاپتور: مەكىت ناھىيە دولان قوش تىل ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ھاياتلىق بۆژغۈنلىرى

▲ ئادەم پۈتى بىلەن چىغىر يوللارنى، قولى بىلەن كەڭرى يوللارنى، ئەقلى بىلەن داغدام يوللارنى ياسىيالايدۇ.

▲ ئادەم ھاياتىدا نەپسىگە، ھەۋەسگە، ئۆمرىگە تويماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

▲ بىرنى بىرگە قوشۇشنى بىلگەن ئادەم چوقۇم ئىككىنى يازالايدۇ.

▲ دۈشمەننىڭ مىڭ ئېغىز نەشتەردەك سۆزىدە تىك تۇرالىغان بىلەن، دوستىنىڭ بىر ئېغىز ھەسەلدەك كىنايىسىدە ئۆرۈلۈپ چۈشىسەن.

▲ نادان بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ نومۇسقا، ئاقىل بىلەن مۇنازىرىلەشسەڭ تۇرمۇشقا قالىسەن.

▲ ھەقىقەت كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىدا ئېگىلىدۇ، نادانلارنىڭ ئالدىدا سۇنىدۇ، ئاقىللارنىڭ ئالدىدا تۈپتۈز تۇرۇشى نىيەتكە باغلىق.

▲ ئالدىڭغا قاراپ ماڭغان چېغىڭدا ئارقاڭغىمۇ قاراپ قوي، بولمىسا يالغۇز قالىسەن.

▲ ئادەمنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى نەپتە، بېخىللىقىنى سەپتە، ھىيلىگەرلىكىنى گەپتە سىنا.

ئۆزۈڭنى چۈشەنسەڭ ئائىلەڭنى، ئائىلەڭنى چۈشەنسەڭ جەمئىيەتنى چۈشىنىسەن.

▲ ئېغىز تىلسىملىق غاردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەسەل ھەرىسى چىقىپ ھەسەل يېگۈزسە، بەزىدە چايان چىقىپ زەھەر يېگۈزىدۇ.

▲ يوقسۇلنىڭ بالىسى پۇلدارلارنىڭ ئىشىكىدە ئۆلسە «ئامەت»؛ پۇلدارلارنىڭ ئىتى يوقسۇلنىڭ ئىشىكىدە ئۆلسە «ئاپەت» تۇر.

▲ دوستقا راست سۆزلە، ئىشەنمىسە يالغان سۆزلە.

▲ دىل-قەسرىڭ يېرىم بولۇپ قالسا مەيلى كاۋاك بولۇپ قالمىسۇن.

▲ ئەڭ ئۇزۇن مۇساپە — مۇساپىرلىق مۇساپىسىدۇر.

▲ مۇساپىر بولساڭ بول، مۇناپىق بولما.

**— ۋەرشىدىن تۇدىقۇلى (تاجىك)**

ئاپتور: لوپ ناھىيەلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن

## تەپەككۇردىن سۆز

▲ تارىختا ئەجدادلىرىمىز ھون دەپ ئاتالغان ئىكەن، ھازىر ئەۋلادلىرى ھۇرۇن بولۇپ قالمىسۇن...

▲ تەقدىرنى باشقىلارغا باغلاش — يۈرەكنى داغلاشتۇر.

▲ ئاياللارنىڭ قورسقى تويىدۇ، كۆزى تويمايدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆزى تويىدۇ، قورسقى تويمايدۇ.

**— نۇرنىسا ئەخمەت**

ئاپتور: شىخو شەھرىدىن

## تەپەككۇر چېقىنلىرى

▲ ئۆزىنى دائىم باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىپ ئەتراپىدىكىلەرنى يارىتالمايدىغان ھاكاۋۇر كىشى، ماھىيەتتە ھېچكىم يارىتالمايدىغان «يېتىم» كىشىلەردۇر.

▲ مەنىۋىيىتى نامرات، نادان كىشىلەرنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ئۇلارنى ھەمىشە ئوڭۇشسىزلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداق كىشىلەردە قەدىمىنى توغرا يولغا باشلاپ ماڭالايدىغان نۇرلۇق قەلب ۋە ئەقىل- ئىدراك يوق.

▲ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۆزى تىرىشمىغان خەلق ھېچكىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

**— ئابدۇغېنى مۇھەممەد يانغىن**

ئاپتور: شايار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 12 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمەچلىرى

▲ ديانەت بىلەن ھەققانىيەت ياخشىلىق ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان يۈرەكنىڭ قانىنى. ئەگەر ئۇ خەۋپكە ئۇچرىسا، يۈرەك نورمال ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ.

▲ ھەۋەس قىزىقتۇرالايدۇ، ئەمما، كىشىنى ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەتتىن بەھرە ئالدۇرالمايدۇ.

▲ كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بولسا كېرەك يوق، ئەڭ مۇھىمى قەلب كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىدە. قەلب روشەن- دىل روشەن. قەلب تۇتۇق- دىل كور.

▲ قورقۇنچلۇق چۈشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي پال ئىزدەپ يۈرگىچە، روھىڭنى پاك تۇت.

▲ ئۆزىنى تۇتالمىغان ئادەم پۇرسەتنى تۇتالمايدۇ.

▲ گۇمان- ئادەمنى توغرا نىيەتتىن ئېزىقتۇرۇپ، خاتا تاللاشقا يېتەكلەيدىغان ئېزىتقۇ يول.

▲ مەرۋايىت يېقا ئۆتكۈزۈلۈپ كىشىلەرنىڭ بوينىغا ئېسىلغاندىلا، ئاندىن قىممىتىنى تونۇتالايدۇ. قابىلىيەت ئاشكارىلانغاندىلا، كىشىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ.

▲ ئۆز قولىدىكى نېسۋىگە قانائەت قىلماي، باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتقانلارنىڭ ئاقىۋىتى قولىغا تۆمۈر ئىشكەل سېلىنىشتىن ئىبارەت قانۇننىڭ «مۇكاپاتى»غا ئېرىشىش.

**— ئابلەتجان قادىر**

ئاپتور: قەشقەر يېڭىسار ناھىيەلىك تولۇق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى ھەققىدە

▲ شىنجاڭ مەدەنىيىتى مېنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە جەھەتتىكى بىلىملىرىمنى ئازلىقتىن كۆپلۈككە، تارلىقتىن كەڭلىككە، تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلۇققا يۈزلەندۈردى. نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتتى. كەم ئىكەنلىكىمنى، كەملىكىمنى تونۇتتى. مەن مېنى ئەتراپلىق تەربىيەلىگەن شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

▲ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە كىتابلىرىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىما. ئەدەبىيات تىلىڭنى راۋان قىلىدۇ. تارىخ يولۇڭنى يورۇتىدۇ. پەلسەپە دۇنيا قارىشىڭنى ئۆزگەرتىدۇ.

**— باھايىدىن رايىدىن**

ئاپتور: توخسۇن ناھىيە بازىرى پىيۇەن ئولتۇراق رايونى 3 - ئىشىك 101 - ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق

## ھېكمەت تامچىلىرى

▲ بىز پۇلنى دەپ بالىلىرىمىزغا ئەتراپلىق تەربىيە بېرەلمىدۇق. شۇڭا ئۇلارمۇ پۇل ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئىزدىنىۋاتىدۇ، تىرىشىۋاتىدۇ.

▲ ئوغۇل جاسارىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن ئەركەك ئاتالسا؛ قىز ئەخلاقى، بىلىمى بىلەن گۈزەل ئاتىلىدۇ.

▲ سەن بىراۋغا خۇشخۇي، تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلالىساڭ، بۇ سېنىڭ روھىيىتىڭدىكى جەسۇرلۇقنى، ساغلاملىقنى ئىپادىلەيدۇ.

**— ئادىلجان ئابدۇرېھىم**

ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تۇغۇندىسى

▲ بىغۇبار قەلبنى نومۇسسىز ئىنسان بۇزىدۇ.

▲ قارىياغاچ ئۆزىنى قاتتىق دەپ پەخىرلىنىدۇ.

**— ئابدۇسەمەت ئابدۇللا (يېزا)**

ئاپتور: غۇلجا شەھەر مېھمان كوتۇش يولى 19 - قورۇ 2 - ئىشىك 203 - ئۆي

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ ئادەم كەلگىنىنى بىلىپ، كېتىشىنى بىلمىسە ئاسان خاتالىشىدۇ.

▲ ئادەمنىڭ تەقدىرى — قىلغان نىيىتى، ماڭغان يولىغا باغلىق.

▲ ياخشىلىق — دىل يارىسىنى ساقايتىدىغان مەلھەم.

▲ ئادەمنىڭ سۆز-ھەرىكىتى شۇ ئادەمنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان تىل كامېرا.

— دىلنۇر توختەمەت

ئاپتور: پوسكام ناھىيەلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ تىل كافېدراسى

▲ نېچۈن شۇنچە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەت ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ، دەپ زارلىما، چۈنكى بۇ ئازابلار ئالدىدىكى يەنە بىر ئازابنى ئۇنتۇلدۇرغۇچى ھەم يېنىكلەتكۈچىدۇر.

▲ ئۈمىدسىزلىك دەل زىيادە ئۈمىدۋارلىقتىن كېلىپ چىققاندۇر.

▲ تۇرمۇشتا قەدەمدە بىر ئۇيلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، كۆپىنچە بۇ ياخشىلار ئۈچۈن مۆجىزە، يامانلار ئۈچۈن بالايى-قازا بولۇپ قالىدۇ.

▲ تۇرمۇش بىر قاچا تاماققا ئوخشايدۇ، يۈز بەرگەن ھەرخىل ئىشلار خۇرۇچقا ئوخشايدۇ، ئوڭۇشسىزلىق ھەم كۆڭۈلسىزلىك بولسا تۇزغا ئوخشايدۇ.

▲ ئۆزىڭىزنىڭ نادان، گۆدەكلىكىنى ھېس قىلغان ۋاقتىڭىز دەل سىزنىڭ پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ ماڭغان ۋاقتىڭىزدۇر.

— ماھنۇر ھەمرا

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكىلىق داۋالاش 2011 - يىللىق 1 - سىنىپتىن

▲ پىكرنىڭ يېڭىلىقى ساڭا تەنقىد ئېلىپ كەلسە، ئۇ يەنە يېڭى پىكىر تۇغىدۇ.

▲ ئىلمى مۇناسىۋەت قالمىغان ئەلدە ئىلىم ئەھلىلىرى نامراتلىشىدۇ. ئىلىم-پەن ئىشلىرىمۇ «قاراڭغۇ بازار»-غا يۈزلىنىدۇ.

— ھاۋاگۈل ياقۇپ

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پەرۋىش ئىلمى 2012 - يىللىق 7 - سىنىپتىن

## تەپەككۇر دۇردانىلىرى

▲ دۇنيادا دۆت ئادەم بولمايدۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، مەيلى سىزنىڭ ئەقىللىقلىق دەرىجىڭىز قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېڭىنى ئىشلىتىپ تۇرماسلىق، شۇ ئادەمنىڭ ئەقلىگە قىلىنغان ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ.

— نۇربىيە ئۆمەر

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىنى ئېلىش تېبابىتى 2012 - يىللىق 1 - سىنىپ

▲ دەردمەن يۈرەكتىن مېھىر-مۇ
بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ. ئەمەلىيە
لايدىغان يۈرەك، ھەقىقىي مۇھەببە

▲ رەزىل، رەزىل دەپ قا
مىغان بولسا سەن بەلكىم ياخشىلار
غان ۋە قەدرىگە يەتمىگەن بولاتتىڭ

▲ باشقىلار «كۆز سۆزلەيدۇ»
نىڭچە قەلب سۆزلەيدۇ، كۆز ئىپادىلەيدۇ،
دۇ.

▲ دۇشمىنىڭنىڭ كۆزلىرىدىن ھەسەتخورلۇق ئۇچقۇنىنى كۆرگىنىڭدە سەن خۇشال بول، چۈنكى بۇ ئۇچقۇن ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسى، سەن يەنە ئاگاھ بول، چۈنكى بۇ ئۇچقۇن سېنىڭ كۇتۇلمىگەن خەتەرلەرگە يولۇقۇپ قېلىشىڭنىڭ سىگنالى!

— ئانىقىز ئابلىكىم

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىنى ئېلىش تېبابىتى 2010 - يىللىق 1- سىنىپ

▲ سەندە شەكىللىنىۋاتقان ئەسكىلىكلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى — دەل بىكارچىلىقتۇر.

— رەناگۈل روزى

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دورىگەرلىك 2012 - يىللىق 1 - سىنىپ

▲ پەقەت دېگىنىگە ئەمەل قىلالايدىغان كىشىنىڭلا تەربىيە قىلىش سالاھىيىتى بار.

— ئابدۇنەبى ئىزاق

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكا تېبابىتى 2011 - يىللىق 3 - سىنىپ

▲ بەزىلەرنىڭ يۈرىكى يېشىدىن كىچىك، بەزىلەرنىڭ يېشى يۈرىكىدىن كىچىك.

— ئابدۇسەمى ئەنۋەر

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكا تېبابىتى 2012 - يىللىق 1 - سىنىپ

▲ كەلگۈسى ھايات ئۈچۈن ئارتۇقچە ئويلىنىش ھاجەتسىز، پەقەت ھەر بىر قەدىمىڭىزنى پۇختا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن باسسىڭىزلا بولدى.

▲ دۇنيادا بەختكە ئۇلىشىدىغان يول بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تۇرمۇشتىكى كىچىك ئىشلار بىلەن ئارتۇقچە ھېسابلىشىپ كەتمەسلىك.

— ئەكبەرجان ئابلەت

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى كىلىنىكا تېبابىتى 2012 - يىللىق 1 - سىنىپ

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئالدىدىكىنى تونۇپ يېتەلىسەڭ، خەلقىڭنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىڭنى، مەجبۇرىيىتىڭنى ھېس قىلالايسەن.

▲ ئەس-ھوشۇڭنى قۇرۇق خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاشلاپ بەرسەڭ بىر ئۆمۈر پۇشايمان ۋە پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتىسەن؟!

— رەيھانگۈل ئىسلام

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى يېتۈك ئىزباسارلار ئىنستىتۇتى 2013 - يىللىق 1 - سىنىپ

▲ نادانلار مەغلۇبىيەتكە باھانە ئىزدەيدۇ، ئاقىللار مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئالىدۇ، ھاياتقا كۈلۈپ قارىيالىغانلار ئۈچۈن، ھاياتنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسى باھار.

▲ بىلىملىك كىشى مۇستەھكەم سېلىنغان بىر بىناغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك قار-شىۋىرغان ۋە قاتتىق بوران-چاپقۇنمۇ كار قىلمايدۇ.

▲ يامغۇر نورمال بولسا، كىشىلەرگە نۇرغۇن پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر نورمىدىن ئېشىپ كەتسە، كىشىلەرگە بالايىئاپەت بولىدۇ؛ سۆزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، نورمال بولغىنى ياخشى.

— مەتتۇرسۇن تۇرسۇنتوختى

ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2013 - يىللىق ئۇيغۇر تېبابەت سىنىپىتىن

## قەلب چېقىنلىرى

▲ يازغۇچى — شائىر — تەلەپچان كادىر، نىيىتى ئەل-يۇرت، ئىلگىرى-ئاخىر...

▲ دانا ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈن، سوراقلارغا بوغۇلغان كۈن...

▲ توغرا نىيەتتە كەلمىگەن ئەلچى، ئەلچى ئەمەس قارانىيەت يەلچى...

— ئابلىز ئوبۇلخەيرى (مەرىپەت)

ئاپتور: لوپ ناھىيە دول يېزا مازار ئۆستەڭ كەنت 143 - قورۇدا

## تەپەككۇرۇمدىن ئۇچقۇنلار

▲ سېنىڭ ئادىمىيلىكىڭ يەنى مەۋجۇدىيىتىڭ بىباھادۇركى، ئۇنى ئەرزىمەس پۇچەك پۇلغا تېگىشمە.

▲ ھازىرقى ژۇرناللارنى دۇنياۋى داڭلىق پىكاپلارغا ئوخشاتسام شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنى «مېرسېدېس» دېگۈم كېلىدۇ. — ئەلى يۈسۈپ

ئاپتور: قاراماي خاتۇ ئالتۇن كاندا

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100-نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 0991 — 2850601

# پەزىلەتلىك ئالىم غۇلام غوپۇر

**ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر**

(ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ- مەدەنىيەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى)

غۇلام غوپۇر ئەپەندى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىۋە سۆزلىرىد- نى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىكى سۆزلەرنى مەملى- كىتىمىز دائىرىسىدە باشلامچى بولۇپ تەتقىق قىلغان ھەم ئۇلارنىڭ لۇغەتلىرىنى ئىشلىگەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تى- لىنىڭ سۆز ياساش قائىدىلىرى ۋە لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش يوللىرى ئۈستىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىز دەنگەن ھەمدە تىلى- مىزنى ساپلاشتۇرۇشقا زور ئەجىر سىڭدۈرگەن ئاتاقلىق تىل- شۇناسلارنىڭ بىرى؛ ئۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ «تۇر- مىدە ۋە ئەركىنلىكتە»، «گاۋېيۇباۋ»، «كۇسەيخۋا»، «ئۆلۈم ئالدىدىكى سۆز»، «ئۆلۈك جانلار»، «ھىجران»، «بالا ئىشچىلار» قاتارلىق مەشھۇر رومان، پوۋېستلىرىنى تەرجىمە قىلغان، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «غەربكە ساياھەت»، «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ۋە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» قاتارلىق كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى- گە قاتناشقان يېتۈك تەرجىمان؛ ئۇ يەنە «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»، «زەللىلى دىۋانى»، «نىزارى داستانلىرى»، «تا- رىخى ھەمىدى»، «شىنجاڭ تارىخى»، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ تارىخى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر- نىڭ تەھرىرلىكىنى قىلغان پىشقان تەھرىر، شۇنداقلا تەرجى- مە ۋە تەھرىرلىكتىكى يۇقىرى سەۋىيە ھەم ماھارىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ھەقىقىي نامايان قىلغان تىل ئۇستىسى. مەرھۇم غۇلام غوپۇر ئەپەندى ئۆزىنىڭ بار- لىقىنى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، قىسقىغىنا 67 يىللىق ھاياتىدا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى ياراتتى، مەرھۇم ئۆزىنىڭ بۇ مول نەتىجىلىرى ۋە ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى بىلەن خەلقىمىز قەلبىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان- دى. مىڭ ئەپسۇس، خۇددى سۆيۈملۈك ئۇستازىمىز مەرھۇم خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيەسىدە:

بەك تۇيۇقسىز، بەك بۇرۇن ئۆچتى ھايات شامىڭ سېنىڭ،

ئاھ ئۇرۇپ ماتەمگە چۆمدى يۇرت ۋە دوست، يارىڭ سېنىڭ.

ئىلمۇ - ئىرپان سېپىمىزنىڭ بىر يېتۈك ئەھلى ئىدىڭ،

تولمىقى تەس بۇ مۇقەددەس سەپتىكى جايىڭ سېنىڭ.

دەپ يازغىنىدەك، مەرھۇم غۇلام غوپۇر ئەپەندى بىزنى چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، 1994 - يىلى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز كەتتى.

بۇ يىل مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغىنىغا توپتوغرا 20 يىل بولدى. بۇ 20 يىل مابەينىدە مەرھۇمنى دائىم ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، خۇددى ئۇز دادامنى ئەسلىگەندەك ئەسلەپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلغان «ئۇيغۇر شىۋىلىرى سۆزلۈكى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدە- بىياتىدىن سۆزلۈكلەر» ناملىق تەۋەررۇك ئەسەرلەرنى، رۇ-

سىيە ۋە تۈركىيە ئالىملىرى يازغان «ئۇيغۇر تىلى»، «تۈرك تىلىنىڭ ئىسىم ياساش قائىدىلىرى» قاتارلىق كىتابلارنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا ۋە ئوقۇغىنىمدا، مەرھۇم بىلەن چۈشكەن سۈرەتلەرنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ كېچە-نى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەۋاتقان، قېتىرقىنىپ ئۆ-گىنىۋاتقان، سۆھبەتلەردە ئۆزىگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولۇپ يۈرىدىغان دەپتەر - قەلىمىنى قوينىدىن چىقىرىپ، سۆز - ئا-تالغۇلارنى خاتىرىلەۋاتقان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ قىزىقارلىق پاراڭلىرى، كىشىگە ھوزۇر بېرىدىغان يې-قىملىق ئاۋازى قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلايدۇ... مەرھۇمنى ھەر بىر ئەسلىگىنىمدە، ئاقسۇنىڭ ئونسۇ ناھىيەسىدە بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشالمىغانلىقىمغا، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە تىللاردا داستان بولغۇدەك ئېسىل پەزىلەتلىرى توغرىسىدا بىرەر نەرسە يازالمىغانلىقىمدىن بەكلا ئەپسۇسلىناتتىم. مانا ئەمدى مەرھۇمنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئائىلە خەتلىرىنى، بىر قىسىم ماقالىلىرى-نى، رەسىملىرىنى، شۇنىڭدەك مەرھۇم توغرىسىدىكى ئەسلە-مىلەرنى ۋە مەرسىيەلەرنى رەتلەپ، «دادامدىن قالغان يازمىلار ۋە سۈرەتلەر» دېگەن نامدا نەشر قىلدۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇش بولدۇم ۋە قەشقەر يېڭى-شەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسىدىكى ماۋۇق كەنتىدە تۇرۇپ، ئەسلىمەمگە يىپ ئۇچى بولغۇدەك ھېچقانداق ماتې-رىيال بولمىغان ۋە توك ئىنتايىن تۇراقسىز، چىراغ گاھ يېنىپ، گاھ ئۆچۈپ تۇرۇۋاتقان بىر قىيىن شارائىتتا تۆۋەن-دىكى يازمىنى ئەسلىمە ئورنىدا يازدىم.

غۇلام ئەپەندى ناھايىتى چىقىشقاق، پاراڭچى، كۆيۈمە-چان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بىزنىڭ ئائىلە بىلەن قۇدا بولغاچقا، يەنى مەرھۇم غۇلام غوپۇر مېنىڭ چوڭ ئاچام خەلچەم ئابدۇللانىڭ قېيىنئاتىسى بولغاچقا، يەنە كېلىپ مەرھۇم مېنى ئۆز ئوغلىدەك ياخشى كۆرگەچكە، مەن ئۇنى غۇلام دادا دەپ ئاتايتتىم. غۇلام دادامنى مەن ئاچاملارنىڭ تويىدىن ئىلگىرى - ئۈچ يىل كېيىنكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يەنى 1975 - يىلى بېيجىڭدىن قۇمۇلغا كەلگەندە بىزنىڭ ئۆيدە تۇنجى قېتىم كۆرگەندىم. ئۇ ئۆزىگە تولىمۇ ياراش-قان خۇرما رەڭ شىم - كاستيۇم كىيىپ، گالستۇك تاقىغان-كەن. ئۇ چاغلاردا قۇمۇلدا گالستۇك تاقاپ يۈرىدىغان كى-شىلەر ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئۇنىڭ سالاپىتىدىن تولىمۇ ئەيمەنگەندىم. بىراق تونۇشۇپ پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شۇ قەدەر چىقىشقاق، مۇلايىملىقى ۋە خۇش-خۇيلۇقىدىن مەندىكى ئەيمىنىشلەر بىردەمدىلا غايىب بولدى. غۇلام دادام مېنىڭ «دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيەسىنى ئېلىش» ئۈچۈن، يېزىدا ئىشلەۋاتقانلىقىمنى ئۇقۇپ، ئۇلۇغ-كىچىك تىنغان ھالدا، دادامغا قاراپ «ھازىر بۇ باللارنىڭ راسا بېرىلىپ ئوقۇيدىغان مەزگىلى ئىدى، بىراق مەكتەپلەر تاقىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېھقان بولۇپ كەتتى، خۇددى بۇ ئەلگە زىيالىيلار لازىم بولمايدىغاندەك! ئامال قانچە، جاھاننىڭ رايىغا باقماسلىققا چارە يوقكەن. بۇ كۈن-لەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر» دېدى ۋە مېنىڭدىن دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى، مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن دېھقانلارنىڭ كۈندۈزى يېرىم ھەربىي تۈزۈم بويىچە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئاخشاملىرى كۇڭزى ۋە لىن بياۋلار ئۈستىدىن شكايەت قىلىش يىغىنلىرىغا كىرىپ ئۇخلايدىغان-لىقىنى، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، ئۆيلىرى-نىڭ ئالدى - كەينىگە ئوغرىلىقچە كۆكتات تېرىۋالىدىغانلىق-نى، ئۆزۈمنىڭ تۆت ئاتلىق ھارۋا ھەيدەۋاتقانلىقىمنى، ھار-ۋىدا ئوغۇت، ئاشلىق، قوم - شېغىل، ئوتۇن - سامان توشۇي-دىغانلىقىمنى، مەھەللىدە توي - تۆكۈن بولسا، ھەتتا قىز كۆ-چۈرىدىغانلىقىمنى، كۆز ۋە ئەتىيازدا، كۈندۈزلىرى ھارۋا ھەيدەپ، كېچىلىرى زەنجىر تاپان تىراكتورغا سۆرۈتۈلگەن ساپاندا يەر ئاغدۇرىدىغانلىقىمنى، بەزىدە ملتىق كۆتۈرۈپ پوستتا تۇرىدىغانلىقىمنى، پومېشچىك، «تۆت خىل ئۇن-سۇر»لارنى نازارەت قىلىدىغانلىقىمىزنى، «شىنجاڭ ئەدەبى-ياتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان شېئىر - قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ - بىلمەيلا چوڭ قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، تاملارغا چاپ-لايدىغانلىقىمىزنى، بۇيرۇققا بىنائەن دېھقانلار ئۆز ئالدىغا تېرىۋالغان كۆكتاتلارنى، تىكىۋالغان كۆچەتلەرنى يۇلۇۋېتى-دىغانلىقىمىزنى، قاپقان بىلەن توشقان تۇتۇپ، ئۆزىمىزگە ئېھتىياجلىق بولغان ئۇن، ئوتۇن، كۆمۈر قاتارلىق نەرسە-لەرگە ئالماشتۇرىدىغانلىقىمىزنى، دېھقانلارغا ئوخشاش ئىش-لىسەكمۇ، ئىش ھەققىمىز تولۇق ھېسابلانمايدىغان، دېھقانلار ئىش ھەققىنىڭ يېرىمى بويىچە خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى، بەزىدە تاماق ئېتىشكە ئۈلگۈرەمەي، ئۇدا بىر نەچچە كۈن قۇرۇق نان بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزنى، بەزى دېھقانلارنىڭ بىزنى «ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغان

سېسىق زىيالىيلار ئىكەن» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشلىرىدىن
ئەنسىرەپ، ساپساق كىيىملىرىمىزنىڭ ئۈيەر، بۇ يەرلىرىنى
يىرتىپ كىيىدىغانلىقىمىزنى، بەزى «زىيالىي ياشلار»نىڭ
قىيىنچىلىق دەستىدىن، دېھقانلارنىڭ توخۇ ـ تۇخۇملىرىنى
ئانچە ـ مۇنچە ئوغرىلاپ يەپ قويىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا
مېنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارقا سەپ بۆلۈمى ئاشپەز-
لىككە قوبۇل قىلغاندا، دادامنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى بىر ـ
بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. غۇلام دادام مېنىڭ گەپلىرىمنى گاھ
كۈلۈپ، گاھ خاپىلاپ، ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن
كېيىن، يەنە بەزى سوئاللارنى سورىدى ۋە ئاخىرىدا: «دېھ-
قانلارغا ھەرگىز ئۇۋال قىلماسلىق كېرەك، ئۇلا بېيىسا يە-
ۋاتقان نېنىمىز تېنىمىزگە ئوبدان سىڭىدۇ. يېزىنىڭ تۇرمۇ-
شى ئەنە شۇنداق جاپالىق، بوپتۇ، ئوبدان ئىشلىسىلە، بالام!
ئەمگەك ئادەمنى چېنىقتۇرىدۇ ۋە تاۋلايدۇ. بىراق ئات بەك
چېچەن ئۇلاغ بولسىمۇ بەربىر ھايۋان، دىققەت قىلسىلا،
ئات ھۇركۈپ كېتىپ، هارۋىنى ئېلىپ قاچىدىغان ئىشلاردىن
ساقلانسىلا، دادىلىرىنىڭ ئاشپەز بولۇشلىرىغا قوشۇلمىغىنى
ئاشپەزلىكنى ياراتمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنى كەل-
گۈسىدە ياخشى ئوقۇپ، ئۆزىگە ئوخشاش مەرىپەتچى
بولسۇن دېگىنى» دېدى.

غۇلام دادام ناھايىتى تىرىشچان، چىداملىق، بېرىلىپ
ئىشلەيدىغان ئادەم ئىدى. 1977 ـ يىلى مەن شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتاتتىم، دادام ماڭا يازغان خېتىدە، غۇلام
دادامنىڭ «سۇ بويىدا» رومانىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن
بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى، مۇھاجىرلار مېھمانخا-
نىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن خەتنى ئوقۇپ
بولۇپ، غۇلام دادام بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمدىن بەك
خۇش بولدۇم ۋە غۇلام دادامنىڭ مۇشۇنداق مەشھۇر بىر
كلاسسىك ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشقانلىقىدىن بەكمۇ
سۆيۈندۈم ھەم پەخىرلەندىم. چۈنكى مەن يېزىدا قايتا تەر-
بىيە ئېلىۋاتقان چېغىمدا بۇ رومانىنىڭ 1 ـ قىسمىنى تېپىپ ئو-
قۇغان، ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، يەنئەن كوچىسى-
دىكى كىتابخانىنىڭ ئالدىدا تويپتوغرا بىر كېچە ئۆچرەت
تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تومىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇغان ئىدىم ۋە
ساۋاقدىشىم كاملجان مۇتەللىپ بىلەن رومانىنىڭ 1 ـ بابىنى
سىناق تەرىقىسىدە تەرجىمە قىلىشتا بەسلەشكەنىدۇق. نەتى-
جىدە نۇرغۇن ئاتالغۇلارغا مۇۋاپىق سۆز تاپالماي، ھەر ئىك-
كىمىز بەل قويۇۋەتكەنىدۇق ۋە بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قى-
لىشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقانىدۇق.
شۇڭا غۇلام دادامنىڭ بۇ رومانىنى تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى
ئۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىمدىن قايىل بولغانىدىم. ئەتىسى
غۇلام دادام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن، مۇھاجىرلار مېھمان-
خانىسىغا باردىم، غۇلام دادام مېنى 2 ـ قەۋەتتىكى ياتقى
ھەم ئىشخانىسىدا كۈتۈۋالدى. بىز تىنچلىق سوراشقاندىن
كېيىن، غۇلام دادام مېنىڭ نېمە دەرسلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىمى-
نى، قايسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سورى-
دى، مەن سوئاللارغا ئۆز لايىقىدا جاۋاب بېرىپ بولۇپ،
«سۇ بويىدا» رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە قىزىقىپ، تەرجىمىگە
كىملەرنىڭ قاتناشقانلىقىنى، رومانىدىكى نەزمىلەرنى قانداق
تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدىم. غۇلام دادام بېيجىڭدا
ئىشلەيدىغان باباخان ئىسمىلىك قۇمۇللۇق كىشى ۋە باشقا
بىر نەچچەيلەننىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، رومانىنىڭ تەرجىمىسى-
گە مۇۋاپىق سۆزلەرنى تېپىش ئۈچۈن، قەشقەرگە بېرىپ بىر
مەزگىل ئىشلەيدىغانلىقىنى، رومانىنىڭ دەۋر پۇرىقىنى گەۋدى-
لەندۈرۈش ئۈچۈن، تەرجىمىدە ئىمكانقەدەر كونا سۆزلەر-
نى قېزىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، شېئىر ـ نەزمىلەرنىمۇ ئىمكانى-
يەتنىڭ بارىچە كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشى-
تىپ تەرجىمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. غۇلام دادامنىڭ گەپلى-
رىنى ئاڭلاپ، مەندە «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئۇيغۇرچىسى-
نى ئوقۇپ بېقىش، ئۇنى خەنزۇچىسىغا سېلىشتۇرۇپ
كۆرۈش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى. كېيىن غۇلام
دادام قاتارلىق تەرجىمان، ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەستايىدىل،
جاپالىق ئەمگەكلىرى نەتىجىسىدە « سۇ بويىدا» رومانىنىڭ
ئۇيغۇرچىسى نەشىردىن چىقتى. مېنىڭ ئارزۇلىرىممۇ ئەمەلگە
ئاشتى، ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كەسپداشلىرىم
بىلەن بىللە، تەرجىمە كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتلىرىغا
««سۇ بويىدا› رومانىدىكى نام ـ ئاتاق ۋە لەقەملەرنىڭ ئۇي-
غۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەندەك تېمى-
لاردا دىسسېرتاتسىيەلەرنى يازغۇزدۇق.

غۇلام دادام مەسلىلەرگە ئىلمىي قارايدىغان، يىراقنى
كۆرەلەيدىغان، ياشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئانا تىلنى جې-
نىدىن ئەزىز كۆرىدىغان ھەقىقىي زىيالىيلاردىن ئىدى. 1981 ـ
يىلى جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدىكى «كونلۇن مېھمان-

خانىسى»دا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ چاغدا مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنى ئەمدىلا پۈتكۈزۈپ، بۇ جەمئىيەتكە تېخى ئەزا بولمىغانىدىم. شۇڭا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا دادام مەرھۇم ئابدۇللا ئەھمىدى ۋە غۇلام داداملار بىلەن كۆرۈشۈش باھانىسىدە سىرتتىن قاتناشقانىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، يىغىنغا قاتناشقانلار ئىچىدە ۋاپات بولۇپ كەتكەنلەردىن مەرھۇم ئىبراھىم مۇتىئى، ئەھمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، توختى باقى ئارتىشى، ئابدۇسالام ئابباس، ئىمىن تۇرسۇن ھاجى، رەھمىتۇللا جارى، تۇردى ئەھمەت، خەمىت تۆمۈر، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، ئېلى ئابىت، ئىبراھىم ئەھمىدى، ئابدۇرېشىت ئىسلامى، ئابدۇكېرىم باقى، غاپپار مۇھەممىدى، تۇرسۇن ئايۇپ، ئەھمەتجان ئەسقەر قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بار ئىدى. يىغىندا ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن مۇنبەرگە چىقىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا ۋە يازما يادىكارلىقلىرىغا دائىر مەسىلىلەر، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت - شېۋىلىرى، ئاتالغۇ مەسىلىلىرى توغرىسىدا قىزغىن مۇھاكىملەر يۈرگۈزۈشكەن ئىدى. بولۇپمۇ غۇلام دادامنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇلار مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسى بەس - مۇنازىرىلەرنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقارغانىدى. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشقا، يەنى ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە سۆز قوبۇل قىلىش ياكى تەرجىمە قىلىشنى ئەمەس، بەلكى ئۆز تىلىمىزدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ سۆز ياساشنى ۋە دىيالېكت - شېۋە سۆزلىرى ھەم قەدىمكى سۆزلەردىن تولۇق پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىشىمىز، تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئىمكانقەدەر ساقلىشىمىز كېرەك دېگەن كۆز قاراشقا قوشۇلمايدىغان، ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا تىلدىكى سۆزلەرنى دەسسىتىش تىل تەرەققىياتىنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن غۇلام دادام ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاتالغۇ مەسىلىسىدە تارىختىن بۇيان بىر قانچە قېتىم ئېغىش بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتلىرىنى ۋە بۇ مەسىلىدە ئىزچىل ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ناھايىتى ئىلمىي شەرھلىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تىل ئەمەلىيىتىدە، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنى كېيىنكى تىل ئەمەلىيىتىگىمۇ تەتبىقلاپ، ياخشى ئۆرنەكلەرنى ياراتتى، ئۇ بارلىققا كەلتۈرگەن «كىملىك، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، توڭلاتقۇ» دېگەن سۆز - ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىچە سۆزلەرنى ياساشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆزلىشىدىغانلىقىنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى دەلىللىگەنىدى. مەن غۇلام دادامنىڭ شۇ يىغىندىكى نۇتقىدىن، كەلتۈرگەن پاكىتلىرىدىن ئۇنىڭ تىلشۇناسلىقتىكى بىلىملىرىگە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان تونۇشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىچ - ئىچىمدىن قايىل بولغانىدىم، شۇنداقلا كەلگۈسىدە بۇ يىغىنغا قاتناشقان بىلىملىك ھەم سالاپەتلىك مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە غۇلام دادامغا ئوخشاش ئىلىم مۇنبەرلىرىگە چىقىپ، دادىل مۇنازىرىلىشەلەيدىغان ئادەم بولۇشقا بەل باغلىغانىدىم. دەرۋەقە 1982 - يىلى مەن مۇشۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تۈرتكىسى ۋە غۇلام دادامنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن، جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ، غۇلجىنىڭ نىلقا ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ تۇنجى قېتىم ئىلمىي ماقالە ئوقۇدۇم.

1983 - يىلىنىڭ بېشىدا، ماڭا جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىدىن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلگەنىدى.

يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە يېزىشىم ۋە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى. لېكىن شۇ چاغدا مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقاچقا، ماقالە يېزىش قولايسىز ئىدى. يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن، مەسئۇل دوختۇر مەرھۇمە مارىيە ئاپپايغا كېسەلخانىدىن چىقىشنى ئىلتىماس قىلدىم. مارىيە ئاپپاي: «بولمايدۇ، كەم دېگەندە يەنە ئۈچ ئاي يېتىپ داۋالىنىسىز! كېسىلىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيۋاتامسىز؟ جېنىڭىز بىلەن ئويناشماڭ!» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كېسەلخانىدا داۋاملىق يېتىپ داۋالاندىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، غۇلام دادامنىڭ «قۇمۇل شېۋىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلغان شېۋە، رۇسىيەلىك ئالىم مالوۋدىن كېيىن، قۇمۇل شېۋىسى تېخى ئەتراپلىق تەكشۈرۈلمىدى، ئۇنى ئۆزلىرى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقسىلا بەك ياخشى بولاتتى» دېگەن

پىكرى بويىچە توپلىغان ماتېرىياللار ئېسىمگە كەلدى-دە، ئەتىسىدىن باشلاپ شۇ ماتېرىياللارنى دوختۇرلاردىن يوشۇرۇن رەتلەشكە، ئۆز تورلىرى بويىچە تەسۋىرلەشكە باشلىدىم. نەتىجىدە ماقالەمنى دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ يېزىپ، توپتوغرا ئۈچ ئايدا تاماملىدىم ۋە تىل-يېزىق كومىتېتىغا تاپشۇردۇم. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە، تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەرھۇم ئېلى ئابىت خىزمەتداشلىرىمدىن كېلىپ كېتىشىمنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بارسام مەرھۇم ئېلى ئابىت ئەپەندى ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا: «ئۇكام، ئالدى بىلەن سىزنى تەبرىكلەيمەن، ماقالەڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى، بېيجىڭغا بارىدىغان بولدۇڭ! تەلىيىڭ بار ئىكەنسەن، مىرسۇلتاندەك بىر پېشقەدەم تىلشۇناس ماقالەڭنى باشتىن-ئاخىر كۆچۈرۈپ چىقتى. ئالىي مەكتەپتە مۇئەللىم بولغىنىڭ بىلەن، خېتىڭ نېمە ئۇنداق سەت سېنىڭ؟» دېگىنىچە چىرايلىق مۇقاۋىلانغان بىر ماتېرىيالنى قولۇمغا تۇتقۇزدى ۋە «مىرغا («مىرسۇلتانغا» دېمەكچى) ئالاھىدە رەھمەت ئېيت، جۇمۇ» دەپ تولۇقلاپ قويدى. مەن ماتېرىيالنى ئېچىپ، ھاياجان ئىلكىدە ۋاراقلاشقا باشلىدىم، ئۇ 90 نەچچە بەت كېلەتتى، خەتلىرى ھۆسنخەتتەك چىرايلىق ئىدى. مەن بىر قاراپلا مىرسۇلتان ئاكامنىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم. ئەسلىدە ماقالىنى كارىۋاتتا يېتىپ يازغانلىقىم ئۈچۈن، خەت بەك سەت يېزىلغان. مىرسۇلتان ئاكام ماقالىنىڭ يىغىندا تارقىتىلىدىغانلىقىنى ۋە مېنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرۇش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماقالىنى باشتىن-ئاخىر كۆچۈرۈپ چىققانىكەن. مەن خۇشال بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇي، ئەمما گەپنى ناھايىتى تۈز قىلىدىغان ئېلى ئابىت ئاكىغا رەھمەت ئېيتىپ قايتتىم.

بېيجىڭدىكى يىغىن ناھايىتى داغدۇغىلىق ئېچىلدى، ئېچىلىش مۇراسىمىدا جەمئىيەتنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار سۆزلىدى. ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، خەمىت تۆمۈر، غۇلام دادام قاتارلىق ئۇستازلار 1-كۈنى، بىز 2-كۈنى ماقالە ئوقۇدۇق. يىغىن ئارىلىقىدا، غۇلام دادام «ماقالىنى ناھايىتى ئوبدان يېزىپىلا» دەپ ئىلھام بەردى ۋە «سۆزلۈك قىسمىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك ئىكەن. مۇمكىن بولسا ‹دىۋانۇلۇغاتىت-تۈرك› قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەر بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ، قۇمۇل شېۋىسىگە خاس بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ مەنبەلىرىنى، مەنىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تېخىمۇ ئىلمىي شەرھلەش كېرەك. چۈنكى قۇمۇل شېۋىسىدە باشقا شېۋىلەردە ۋە ئەدەبىي تىلدا ئىشلىتىلمەيدىغان، ئەمما قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر خېلى كۆپ ساقلانغان. چوڭقۇرراق ئويلىنىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە شۇكى، قۇمۇل شېۋىسى پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئاز ھەم كېيىن ئۇچرىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا شېۋىلىرىدە ئىشلىتىلمەيدىغان پارسچە سۆزلەر نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؟» دېدى ۋە يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتىرىنى ئالدى-دە، مېنىڭ ماقالەمدە تىلغا ئېلىنمىغان بىر قانچە سۆزنى مىسال ئۈچۈن كۆرسەتتى. مەن بۇ تېمىغا قىزىقىپ، بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

غۇلام دادام تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست، يېتىشلىك ئادەم ئىدى. 1983-يىلى مەن بېيجىڭغا مېڭىشتىن بۇرۇن، دادام ئابدۇللا ئەھمىدى ئۆتنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلمەكچى بولغانىدى. يىغىن ئاخىرلىشىپ 3-كۈنى ئاپام، چوڭ ئاچام ۋە ئۇكاملار دادامنى ئېلىپ بېيجىڭغا كەلدى ۋە ئۇدۇل غۇلام داداملارنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. غۇلام دادام بىلەن مەريەمخان ئاپام بىر ياتاق ئۆيى بىلەن مېھمانخانىسىنى بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزلىرى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە سىغدىلىپ ئولتۇرغاندىن سىرت، دادامنىڭ ئىشتىھاسىغا ياقىدىغان تائاملارنى تەييارلاپ، كۆيۈمچانلىقى، مېھماندوستلۇقىنى ۋە تۇغقاندارچىلىقىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىدى. غۇلام دادام خىزمىتىگىمۇ بارماي، دادامغا ھەمراھ بولاتتى ۋە تەسەللى بولىدىغان قىزىقارلىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى، ئەكبەر ئاكامنى بېيجىڭدىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانا ۋە ئۇستا دوختۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىشكە بۇيرۇۋىدى، ھەپتە كۈندىن كېيىن، ئەكبەر ئاكام بېيجىڭدىكى داڭلىق دوختۇرخانا — «شېخې دوختۇرخانىسى»دىن ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرى ۋە ياتاقنى ئۇقۇشۇپ تەق قىلدى. دادامنى ئوپېراتسىيە قىلغان كۈنى غۇلام دادام ئائىلىسىدىكىلەر دوختۇرخانىغا بېرىپ، دادامغا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. دادام ئوپېراتسىيەدىن ئوڭۇشلۇق چىققاندىن كېيىن، ئاپام، ئاچاملار بىلەن غۇلام داداملارنىڭ ئۆيىدە

يەنە بىر نەچچە ھەپتە تۇردى. بۇ جەرياندا غۇلام دادامنىڭ دادامغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىنى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىن دوختۇرغا كۆرۈنۈش، چەتكە چىقىش، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن يۇرتداشلارنى تۈركۈملەپ كۈتۈۋالغانلىقىنى، ئۇلارنى رەسمىيەت بېجىرىدىغان ئورۇنلارغا ئۆزى ئېلىپ بارغانلىقىنى ياكى ئوغۇللىرىنى ئەۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مېھماندوستلۇقى، ئەستايىدىللىقى، كىچىك پېئىللىقى، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇر تاپىدىغان ئېسىل پەزىلىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم ۋە ئۇنى غايىبىدىن ئۇستاز تۇتتۇم.

غۇلام دادام ئۆزىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە بەخشەندە قىلغان، شەخسىي مەنپەئەتنى ئويلاشمايدىغان، ئابرۇيلۇق، تەسىرى چوڭ ئادەم ئىدى. 1991 ـ يىلى ئەتىيازدا، مەن ئەنگلىيەدىن گېرمانىيەگە بارغىنىمدا، گېرمانىيەگە يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن «بىز ئۇچراشقان ئۇيغۇرلار ئىچىدە، سودا ـ سېتىق ۋە پايدا ـ مەنپەئەت توغرىسىدا پاراڭ قىلمىغانلار پەقەت زوردۇن سابىر بىلەن غۇلام غوپۇر بوپتۇ! ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىلا تىجارەتچى بولۇپ كەتتىمۇ نېمە؟» دېگەن گېپىنى ئاڭلىغانىدىم. 2008 ـ يىلىدىن كېيىن، تۈركىيەگە بىر نەچچە قېتىم باردىم، تۈركىيەلىك بىلەن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا، ئوسمان فىكرى سەتقايا، سەمى تەزجان قاتارلىق داڭلىق ئالىملار غۇلام دادامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلىشىدۇ، ئەسلەپ تۇرىدۇ. دېمەك، غۇلام دادام ئۆزىنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى ۋە كىشىلىك پەزىلىتى بىلەن، چەت ئەللىكلەر ئارىسىدىمۇ ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغانىكەن.

غۇلام دادام يېڭىلىق بىلەن ئەنئەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ياخشى تەڭشىيەلىگەن، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، خىزمەت ۋە تۇرمۇشنىڭ مىزانى قىلىش بىلەن بىللە، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، زامانغا لايىق ياشايتتى. كونا، قالاق ئادەتلەرنى ئىككىلەنمەي تەرك ئېتەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر يىلى غۇلام دادام بىلەن قۇمۇلدا بىر تويغا كېتىۋاتقاندا، قۇمۇلدا خېلى نامى بار بىر دىنىي زات مېنىڭ قايسى جەمەتتىن ئىكەنلىكىمنى ۋە ئىسمىمنى سورىدى، مەن «ئاخۇنلۇق جەمەتتىن بولىمەن، ئىسمىم ئارسلان» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ كىشى «ئەستاغپۇرۇللا، ئەئلەم ئاخۇنۇملارنىڭ جەمەتى تۇرۇپ، دادىلىرى سىلىگە بىر ھايۋاننىڭ ئىسمىنى قويۇپ قويغىنى زادىلا قاملاشماپتۇ» دېدى. مەن بۇ گەپكە ئىنكاس قايتۇرغىچە، غۇلام دادام گەپ قىستۇرۇپ، «تەقسىر، ئارسلان دېگەن ھايۋاننىڭ ئىسمى بولغان بىلەن، ئادەتتىكى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلىغان ھايۋاننىڭ ئىسمى. سىلىگىمۇ مەلۇم بولسا كېرەك، ئۇيغۇرلاردا ئۆزلىرى ئۇلۇغلىغان، ئۆزىگە توتېم قىلغان، بەخت ئاتا قىلالايدۇ دەپ قارىغان ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قىلىپ قويىدىغان، ھەتتا ئەمەللىرىنىمۇ شۇ ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان ئادەت بار، ئادەت مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن. مەسىلەن، بارس تېكىن، تۆمۈر بۇقا، بۆرە قايا، ساتۇق بۇغراخان، تۇغرۇل تېكىن، ئارسلانخان دېگەندەك. ھەممىلا ئادەمنىڭ ئىسمى ئەرەبچە بولۇپ كەتسىمۇ بولماس!» دېگەنىدى. غۇلام دادام بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، مەنىسىنى بىلمىسىمۇ ياكى مەنىسى سەلبىي بولسىمۇ، ئەرەبچە ئىسىم قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خاتا كۆز قاراشقا تاقابىل تۇرۇش ۋە كىشىلەرنى ئۇيغۇرچە ئىسىم قويۇشقا ئۈندەش، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز نەۋرىلىرىگە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە «بىلگەر، ئىلدىرىم، ئىلچىنئاي، ئالپتېكىن، ئايتېكىن، ئايقۇت، ئايچىن، ئايتۈرك» دېگەندەك ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى قويۇپ، ئىسىم قويۇشتا يېڭى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

مەرھۇم غۇلام غوپۇر ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ياد ئېتىشىگە نائىل بولۇپ كەلگەن يېتۈك ئىنسان، ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات!

2014 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، قەشقەر.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم

# رەيھان قادىرنىڭ ئىزدىنىشى — مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈزلىنىشى



جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى رەيھان قادىرنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچكەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ كۇلتۇرال ئالاھىدىلىكىگە دائىر تەتقىقاتلار، قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى جەھەتتە يىرىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، كەسپىي جەھەتتىكى چېلىقارلىق نەتىجىلىرى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ، كەسپداشلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

رەيھان قادىر 1982 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتخانىسىغا تەقسىم قىلىندى، ئەينى يىللىرى ئالىي مەكتەپنى يېڭىلا پۈتكۈزگەن رەيھان قادىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىسى يوق ئىدى. تەتقىقات خىزمىتى — تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، يېزىش قاتارلىق ھالقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەت. مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئۇ تەتقىقات خىزمىتىگە تېزدىن كىرىشىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە چېلىقىدەك نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن زېھنىنى تەتقىقاتقا بېرىپ تىرىشىپ ئىشلىدى. ئەمەلىي تەكشۈرۈشنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى تۈنجى قەدەم ئىكەنلىكىنى ۋە مۇھىم رولىنى تونۇپ يېتىپ، نۇرغۇن قېتىم ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردە بولدى ۋە ھەر قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش خاتىرىسىنى ئەستايىدىل خاتىرىلەپ ماڭدى. ھەر قانداق بىر بەدەلنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، كۆپ قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئۇنىڭ كەسپىي جەھەتتە تېخىمۇ ئىلگىرىلىشىگە ئاساس بولۇپ قالدى. ئۇ دىيارىمىزنىڭ ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايلىرىغا كۆپ قېتىم باردى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇرغۇن جايلارنى تەكشۈردى، بىر ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئايلاپ، يىللاپ ئۆيدىن ئايرىلىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولۇش ئۇنچە ئوڭاي ئىشمۇ ئەمەس. ھەر بىر يەرگە بارغىنىدا شۇ يەرنىڭ خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن تەتقىقاتىغا كېرەكلىك قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىنى بىۋاستە چۈشىنىپ ۋە تونۇپلا قالماي، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئەتراپتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالماشىشى ۋە تەسىرى ھەققىدە يېڭى تونۇشلارغا كەلدى. رەيھان قادىرنىڭ دەسلەپكى ئەجرى ئاخىر مېۋە بېرىپ، ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ، «چىن تۆمۈر باتۇر تىپىدىكى چۆچەكلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ قۇرۇلما پىرىنسىپى»، «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرىنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلى ۋە سەنئەتكارلار ئۈستىدە تەتقىقات»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە «شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيەت بىلىملىرى لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن 108 سۆزلەمىنىڭ تەپسىلىي ئىزاھاتىنى يېزىپ بەردى. رەيھان قادىر توپلاپ رەتلىگەن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن «چۆچۈرە قۇلاق» قاتارلىق بىر قىسىم چۆچەكلەر گېرمانىيەدە نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيىق توتېمى ئۈستىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدە تۇنجى قېتىم يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆتمۈشتە ئېيىقنىمۇ ئۆزىگە توتېم قىلغان» دېگەن نۇقتىئىنەزەرى ئىلىم ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا كەسىپداشلار بۇ قاراشنى دائىم تىلغا ئالىدىغان، ماقالىلىرىدە ئىشلىتىدىغان بولدى، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي داستانلىرىنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلى ۋە سەنئەتكارلار ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1997 - يىلى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «خەلقئارا تارىخىي داستان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلۇپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەم ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم خانلىق بولۇپ، بۇ دەۋردە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، شۇڭا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ھالقا، دەپ قارىلىدۇ. 1998 - يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا رەيھان قادىر تۇرپاننىڭ يالقۇنتاغ باغرىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدى، خەلق ئارىسىدا ھېلىھەم ئېقىپ يۈرگەن قەدىمى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا دائىر ھۆججەتلەرنى توپلىدى ھەم ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە تەكشۈرۈش ئاساسىدا «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نوپۇس بىر قەدەر كۆپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى مۇكەممەل ساقلانغان رايونلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭرى يىلتىز تارتقان بولۇپ، داستانچىلار، ئەلنەغمىچىلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدىغان سەنئەت ماكانى دېيىشكە بولىدۇ. رەيھان قادىر قاراقاش ناھىيەسىنىڭ داستانچىلار، خەلق سەنئەتكارلىرى كۆپ بولۇش، ھەر خىل سەنئەت ئېقىمدىكىلەر جايلاشقان بولۇش، خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ئۆزگىچە، ئۇسلۇبى روشەن، بەلگىلىك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاراقاش ناھىيەسىدە خېلى بىر مەزگىل ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدى.

دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتچىلار: داستانچىلار ئېيتقان ناخشا - قوشاقلارنى تەتقىق قىلغاندا تېكىست تەتقىقاتى، ئېيتىلىۋاتقان ناخشا - قوشاقلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى ۋە ناخشا - قوشاقلارنىڭ ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا خېلى كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولۇپ، بۇ خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىلمىي قىممىتى كۈچلۈك بولغان بىلەن، بۇ خىل تەتقىقاتلاردا قۇرۇلمىلىق تەھلىلگە زىيادە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مۇشۇ خىل قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرگەن سەۋەب ۋە جەريانغا قايتىدىن نەزەر سېلىش ۋە دىققەتنى ئاغدۇرۇش كەمچىل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناخشا - قوشاقلاردىكى تېكىست مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، خەلق داستانچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ بۇنىڭغا قانداق ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە قانداق يوسۇندا تارقاتقانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى. شۇ سەۋەبتىن قاراقاشتىكى خەلق داستانچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ خەلق ناخشا -

قوشاقلىرىنى ساقلاش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلاشتىن ئىبارەت تۆپ ئالاھىدىلىكى ماھىيەتلىك ئېچىپ بېرىلمىگەندى.

رەيھان قادىر قاراقاش خەلق داستانچىلىرى، سەنئەتكارلىرىنىڭ سەنئەت ھاياتىغا ئۇزاق يىل دىققەت قىلدى، قاراقاش ناھىيەسىگە كۆپ قېتىم بېرىپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە داستانچى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئۇزاق مۇددەت ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ، نۇرغۇن قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشتى. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيەۋى رامكىسى ئاستىدا ئىزچىل ئويلىنىپ، خەلق داستانچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئورۇنلىغان ناخشا - قوشاقلارنىڭ قانداقتۇر ئۆزى ئىلگىرى ئويلىغىنىدەك ئۆتمۈشتىن قانداق كەلگەن بولسا، شۇ پېتى قېلىپلاشقان ھالدا تەكرار ئېيتىلىدىغان ناخشا - قوشاقلار ئەمەس، داستانچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قىممەتلىك ئەلگىكىدىن ئۆتكەن، سورۇن ۋە كەيپىياتقا قاراپ داۋاملىق يېڭىلىنىپ، تەكشىلىپ تۇرىدىغان ھەرىكەتچان، ئىجادىي خەلق ناخشا - قوشاقلىرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. بۇ خەلق داستانچىلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ساۋاتسىز، بەزىلىرى كۆزى كۆرمەس ئەما بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئوچاقلىرىدا تاۋلانغان، ھاياتنىڭ بوران - چاپقۇن، شاماللىرى ئۇلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ناخشا - قوشاقلىرىدا ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىشى، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشى چاقىرىق قىلىنغان، باتۇرلۇق، چىدام - غەيرەتلىك، ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇش مەدھىيەلەنگەن، قورقۇنچاقلىق، ھاماقەتلىك، نامەردلىك قاتتىق قامچىلانغان. ئۇلار ھەر بىر ناخشا - قوشاقلىرىدا تارىختىن ۋە رېئاللىقتىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدىكى ئاۋامنى تەربىيەلەپ كەلگەن.

رەيھان قادىر تەتقىقات ماقالىلىرىدە خەلق داستانچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئېيتىپ كەلگەن ناخشىلار ئەسىرلەر مابەينىدە شۇ پېتى تەكرار ئېيتىلىپ كەلگەن ناخشىلار بولماستىن، ھەر بىر دەۋرگە كەلگەندە شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە جۇغلاپ، يېڭىلىنىپ، بېيىپ كەلگەن. قايتا ئىجاد قىلىنغان ناخشا - قوشاق ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تىلغا ئالدى. ئۇنىڭچە، بۇ خەلق ناخشا - قوشاقلىرى شېئىرى ئالاھىدىلىكى كۈچلۈك ۋە جەمئىيەتلەشكەن قايتا ئىجادىيەت جەريانى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ شېئىرىي دۇردانىلىرىدا خەلق داستانچىلىرىنىڭ، سەنئەتكارلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ۋە ئۇسۇلى نامايان قىلىنىدۇ، جەمئىيەتلىشىش دېگەندە، داستانچىلار، سەنئەتكارلار بىلەن ئاۋام خەلق، ئاڭلىغۇچى ياكى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بىر مىللەت ياكى بىر كىشىلەر توپىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دائىرىسى «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەدەنىيىتى» ھادىسىسىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ياخشى تەتقىقات يولى دېيىشكە بولىدۇ. 2008 - يىلى رەيھان قادىرنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نۇقتىسىدىن قاراقاش داستانچىلىرىغا نەزەر» دېگەن تەتقىقات تۈرى ئاكادېمىيە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى تەستىقىدىن ئۆتتى.

مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى شۇ مىللەتنىڭ ھېس - ھاياجانلىرى، خۇشاللىقلىرى ۋە قايغۇ - ھەسرىتى قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىياتى ۋە بۇ خىل ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلىنى چۈشىنىش كېرەك. بۇ گويا شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تومۇرىدا قانداق ئېقىپ، شۇ مىللەتنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەڭ ئېنىق، ئەڭ چوڭقۇر، ھەقىقىي رەۋىشتە ساقلانغان بولىدۇ. رەيھان قادىر ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: گەرچە مەن مىللىتىمنىڭ ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بولسامۇ، خەلقىمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىباھا ساپ ھېسسىياتلار ماڭا يەنىلا يوچۇن بىلىنىدۇ. بۇنداق ساپ ھېسسىياتلارنىڭ ماڭا نىسبەتەن يوچۇن بىلىنىشىدىكى سەۋەب ئۇلاردا ئەمەس، بەلكى مەندە، مېنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتلارنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىشىش جەھەتتىكى ئۇرۇنۇشلىرىمنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدا، بىزگە ئوخشاش شەھەردە ياشايدىغانلار نۇرغۇن نەرسىلەردە ياتلاشتۇق. بۇ خىل ياتلىشىش، ئۆز مىللىتىنىڭ ساپ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تونۇش، بۈيۈك ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تونۇشقا نىسبەتەن توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ياتلاشقان ھېسسىيات بىلەن ھېلىغىچە ساپلىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مىللىي ھېسسىياتقا نەزەر سالغان چېغىمىزدا توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشەل

مەيدىغانلىقىمىز ئېنىق. شۇڭا مەن خەلق بىلەن بىر جان،
بىر تەن بولۇپ كېتىشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر
تونۇپ يەتتىم. خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەمەلىي
تەكشۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بەردىم، پۇرسەت بولسىلا
ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆگىنىشنى توختاتمىدىم. ئۇزاق
يىللىق تەكشۈرۈش ۋە ئىنچىكە رەتلەش مېنىڭ ئۇيغۇر ئە-
دەبىياتىغا بولغان تونۇشۇمنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاتتى.
مەن خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىشنىڭ ئەمە-
لىي پايدىسىنى كۆردۈم. بۇ تىرىشچانلىقىم كېيىنكى تەتقىقا-
تىم ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئاساس سالدى.

رەيھان قادىر ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى
تەتقىق قىلىش ۋە بۇنىڭغا نەزەرىيەۋى جەھەتتە تەييارلىق
قىلىش ئاساسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي داستان ۋە
ئېپىك داستانلىرى، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر-
لاپ تەتقىق قىلىپ، ئۆز تەتقىقاتىدا بەلگىلىك نەتىجىلەرنى
قولغا كەلتۈردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەڭگۈ تاش يازما يا-
دىكارلىقلىرىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 1200 يىللىق تارى-
خىي مۇساپىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۈچقاندەك را-
ۋاجلاندى. «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش بۈيۈك شاھانە
ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، چاغاتاي خانلىقى مەزگىلىدە
يەنە ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى. چىڭ سۇلالە-
سى مەزگىلىدە نۇرغۇن ئەدىب ـ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ بە-
دىئىي بالاغىتى يۇقىرى ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىيات ئاس-
مىنىنى يورۇتتى. رەيھان قادىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مانا
مۇشۇ يارقىن سىمالارنى ۋە ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان قىم-
مەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى ئىلمىي تەتقىقات مېتودى
بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى
ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ كۈنىمىزدە تۇتىدىغان رولىنى جاما-
ئەتچىلىككە يەتكۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنىمۇ ھېس
قىلىپ يەتتى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: مەڭگۈ تاش يا-
دىكارلىقلىرىنى تەكرار ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا
ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىغا
بولغان جىددىي تەلپۈنۈشىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئۇيغۇر-
لارنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتقا بولغان جىددىي تەلپۈنۈشى
200 يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئېشىپ، «قۇتادغۇبىلىك»تەك
شاھانە ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە كۈچلۈك سەۋەبچى
بولغانىدى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاساسىي روھىنىڭ چۆل-
لۈكنىڭ شىمالىدىلا شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرى-
دۇ. رەيھان قادىر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلە-
رىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ تەرەققى-
يات جەريانى ۋە تەرەققىيات لىنىيەسى، ئاساسىي روھى
توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى ۋە مۇشۇ ئا-
ساستا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «ئۇيغۇر ئېپىك داستانلى-
رىنىڭ قۇرۇلما پىرىنسىپى»، «ئۇيغۇر مۇھەببەت داستانلى-
رىنىڭ تىراگېدىيەلىك ئالاھىدىلىكى»، «قەبرىدىكى
ئۆچمەس روھ رابىيە ـ سەئىدىن»، «چىڭ سۇلالىسى
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى چولپان — زەلىلى»، «يېقىنقى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «زەلىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. بۇ تەتقىقاتلار
رەيھان قادىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئاساسىي
جەھەتتىن شەكىللەنگەن تونۇشىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەش-
تۈردى ھەم ئۇيغۇر تارىخىي ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان چۈ-
شىنىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

كۆپ مىللەتلىك جۇڭگونىڭ بۈگۈنكىدەك راۋاجلىنى-
شىدا، جۇڭخۇا كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى-
دە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە زور دەپ
ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپلا
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر بىلەن قويۇق
ئالاقىنى ساقلىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار
ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سىياسىي ئەربابلار،
ئەدىب ـ ئۆلىمالار غەربىي يۇرتلۇقلار سالاھىيىتى بىلەن
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ۋە جەنۇبىي جۇڭگوغا تۈركۈملەپ
كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار دەسلىپىدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا
قاتنىشىپ، ئادىل يۇرت سوراپ، ئاۋام خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە
ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلغان ۋە ئوت-
تۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشۇپ، يىلنامە-
لەردە خاتىرىلەنگەن. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە كۆچكەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى شېئىر، نەسر ئە-
جادىيىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يۈەن سۇلالىسى سەنئىتى
ئەلنەغمىسىنىڭ گۈللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئوتتۇ-
را تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى

ئەۋلادلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەرلىشىپ، جۇڭگونىڭ
تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەر
بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار
جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا مارجاندەك چېچىلغان
بولۇپ، ئۆزلىرى يەرلەشكەن جايدا ئاۋۇپ كۆپىيىپ، شۇ
يەرنىڭ گۈللىنىشىگە قان - تەر سىڭدۈرگەن. بۈگۈنكى بېي-
جىڭدىكى لياڭ فامىلىلىكلەر جەمەتى، خۇنەننىڭ تاۋيۈەن
ۋە خېنەننىڭ چاڭگې ناھىيەلىرىدىكى جيەن فامىلىلىكلەر
جەمەتى، جياڭسۇنىڭ لياڭ، ئەنخۇينىڭ خېشەن ۋە يۈننەن-
نىڭ ياۋئەندىكى شې فامىلىلىكلەر جەمەتى، خېنەننىڭ ميەن-
چىدىكى لىۇ فامىلىلىكلەر جەمەتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرى-
دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغان قەدىمكى ئۇيغۇر-
لارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىدۇر. ئۇلار نەچچە 100
يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار بىلەن
ئىناق ئۆتۈپ، قويۇق ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ
غەربىي دىياردىن كەلگەنلىكىنى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. كۈنىمىزدە
ئۇلارنىڭ مىللەت تەركىبى بەزىلىرىنىڭ ئۇيغۇر، بەزىلىرى-
نىڭ خەنزۇ، بەزىلىرىنىڭ خۇيزۇ، دەپ ئەنگە ئېلىنغان
بولسىمۇ، ئۇلار ئۆزىنى «ئۇيغۇر ئەۋلادى بىز، ئەسلىي زا-
تىمىز ئۇيغۇر ئىدى» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. دىيارىمىزدىكى
ئۇيغۇرلارغا ئۆزىنى ناھايىتى يېقىن تۇتىدۇ.

داڭلىق ئالىم فېي شاۋتۇڭ جۇڭگودىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
خۇاشيا مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۇزاق يىل
تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «جۇڭگونىڭ كۆپ مەنبەلىك مە-
دەنىيىتىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت ئىلمىي ئى-
دىيەنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. فېي شاۋتۇڭ ئەپەندى مىل-
لەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىم پەرقلەرنى كونكرېت تەتقىق
قىلىش، ئىز قوغلاپ، ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىشنى تەشەب-
بۇس قىلاتتى. ئۇ ئىزدىنىش مۇساپىسىدە مۇرەككەپ را-
يوندا ياشايدىغان ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مە-
دەنىيەتنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىغا ناھايىتى
دىققەت قىلغان. ئايرىم تۈپتىكى ئادەملەرنى تەتقىق قىلىش
ھەم تارىخنى ھەم رېئاللىقنى تەتقىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ،
مۇرەككەپ رايونلاردا ياشايدىغان ئوخشىمىغان مىللەتلەر-
نىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا سىڭىشىشىنى تەتقىق
قىلىش — مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ
قالغانلىقى ياكى ئۆزگەرتكەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئىنتا-
يىن يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە دەپ قارايتتى. دېمەك،
مانا مۇشۇنداق، ئايرىم كىشىلەر تۈپىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈ-
گۈنى، تارىخنىڭ دولقۇنلىرىدا قايسى كۈلتۈرەل ئالاھىدى-
كىنى ساقلاپ قالغانلىقى ياكى قالمىغانلىقى، قانچىلىك دەرى-
جىدە سىڭىشكەنلىكى ۋە قانچىلىك دەرىجىدە خاسلىقىنى
يوقاتمىغانلىقى قاتارلىق ئىلمىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش
ئىنتايىن ئەجايىبلىقتا، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە خىزمەت ھې-
سابلىنىدۇ. رەيھان قادىر مانا مۇشۇنداق جاپاسى كۆپ،
لېكىن ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى تەتقىقات خىزمىتىگە كىرى-
شىپ، بۇ جەھەتتە چېلىقارلىق ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈر-
دى.

ئۇ 2005 - يىلدىن باشلاپ، خۇنەننىڭ تاۋيۈەن،
جياڭشىنىڭ نەنچاڭ، جياڭسۇنىڭ لياڭ، ئەنخۇينىڭ
خېشەن، خېنەننىڭ چاڭگې ۋە ميەنچى قاتارلىق جايلىرىغا
نۇرغۇن قېتىم باردى. يېزا - كەنتلەردە، داللاردا ئەمەلىي
تەكشۈرۈشتە بولدى. شۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاۋامنىڭ تە-
رىكچىلىك ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەت يوسۇنلىرىغا ئالاھىدە
دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇردى، خەلق ئارىسىدا ھېلىھەم ئېيى-
تىلىۋاتقان ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى خاتىرىلىدى، ئۇلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، باشقا تۈپتى-
كى كىشىلەر بىلەن بولغان كۈلتۈرەل پەرقىگە دىققەت
قىلدى. كۆپ قېتىم خەلق ئارىسىدىكى پىشقەدەم ئاقساقال-
لارنى زىيارەت قىلىش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم،
نەزىر - چىراغ، ھېيت - بايرام قاتارلىق مۇراسىملاردىكى
ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى كۆزىتىپ قەلەمگە ئېلىش، مىللەت-
لەرنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش جەريانىدا شە-
كىللەنگەن ئورتاقلىق ۋە پەرقلىق جايلارنى تېپىپ چىقىش
ۋە ئاز سانلىق كىشىلەر تۈپىنىڭ يات يەرلەردە ياشاش
ئەھۋالىنى يېنىش - يېنىشلاپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىلمىي
قىممىتى يۇقىرى بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.
2006 - يىلى 5 - ئايلاردا چاڭشادا ئېچىلغان 4 - نۆۋەتلىك
ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقاندا،
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يەرلەشكەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ
بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى ھېسابلانغان تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىغا

ئائىت تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى «خوتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قارا باشت» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. رەيھان قادىر بۇ ماقالىسىدە چاڭدې ھەم تاۋيۈەن تەزكىرىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەجدادى خەلىل باشەنى «قارا باشت دېيىش مۇۋاپىق» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇ يەنە خېنەندىكى «لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار كەنتى»گە ئۈچ قېتىم بېرىپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلار ھەققىدە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلدى. رەيھان قادىرنىڭ بۇ تەتقىقات تېمىسى 2007 - يىلى «جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى دۆلەت ئەھۋالى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش» تۈرىنىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى.

رەيھان قادىر ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش جەريانىدا، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ياۋئەن شەھىرى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ ئولانخاد شەھىرىدە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا دائىر نۇرغۇن يېڭى يىپ ئۇچلىرىنى بايقىدى ھەم مۇشۇ ئاساستا «يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى ئېلان قىلدى. تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىسپاتلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يۈەن سۇلالىسىگە سادىق بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئەدەبىيات تەتقىقاتخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ياڭ ليەن رەيھان قادىرنىڭ بۇ دوكلاتىغا مۇنداق باھا بەردى: « بۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ئاپتورنىڭ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈرۈشى، بۇنىڭ ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە ئەستايىدىللىق روھى مېنى تولىمۇ قايىل قىلدى. ئىلگىرى شى فامىلىلىكلەر، جيەن فامىلىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش، ھۆججەتلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەن بولۇپ، ماتېرىيال خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. رەيھان قادىرنىڭ قولىدا تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ھازىرقى رېئال ئەھۋاللار ناھايىتى ياخشى تەتقىق قىلىندى. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى مېنى قايىل قىلدى. لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بىر يېڭى تېما، بىر ئۆلگىلىك تېما. بۇ تەتقىقات دوكلاتىنىڭ تىلى راۋان، ئاممىباب بولۇپ، ئوقۇغانسېرى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.»

رەيھان قادىر ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى تېمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىش جەريانىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىمكى، ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا ئەتراپىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلغان، بۇ خىل قويۇق باردى - كەلدىلەر، كۆچۈش جەريانلىرى نەتىجىسىدە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇش ۋە سىڭىشىش ھادىسىسى شەكىللەنگەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىگە تۈرتكە بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن.»

ھەممىيلەنگە مەلۇم، يۈسۈف خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋرىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئېتىكا، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، تارىخ پېنى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيەسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بۈيۈك ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىللىك شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇلۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ 1 - چارىكىدىن باشلاپ دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، يۇقىرى باھالارغا ئېرىشكەنلىكى، كۈنىمىزدە ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا مىللەت ئالىملىرى تەرىپىدىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىنى-

ۋاقانلىقى، ئۇنىڭ جۇڭگو ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى يارقىن ئورنىنىڭ ھەققىي ئېتىراپ قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر.

تەتقىقاتچى رەيھان قادىر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىمۇ مول مېۋە بەرگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا جاپالىق ئىزدىنىپ، ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى «قۇتادغۇبىلىك»كە ئائىت قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىدى. گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بەش قېتىم، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆز يۇمغان قەشقەرگە بىر قانچە قېتىم بېرىپ، ئۇستازلار، ئالىملار، تەتقىقاتچىلار بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»كە دائىر تېمىلار ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئۆگەندى. 2003 - يىلى 230 مىڭ خەتلىك «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق يىرىك ئىلمىي ئەسىرنى يېزىپ تاماملىدى. بۇ كىتاب 2003 - يىلى ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب «قۇتادغۇبىلىكنىڭ بايقىلىشى»، «قۇتادغۇبىلىكنىڭ قەلەمگە ئېلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زىددىيەت قارىشى»، «تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ سەرخىللىشىشى»، «بەخت يولىنى ئىزدەش»، «مەدەنىيەتنى پاكلاشتۇرۇش — مىللەتنىڭ روھى»، «قۇتادغۇبىلىك ۋە جۇاڭزى»، «قۇتادغۇبىلىك ۋە قەدىمىي يۇنان مەدەنىيىتى»، «ماقال - تەمسىللەر ۋە سىمۋول خاراكتېرلىك سەنئەت» قاتارلىق توققۇز بابقا بۆلۈنگەن. غۇلجا ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مۇھەممەدجان ئىيسا «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىتابنىڭ تېماتىك مەزمۇنى بىر قەدەر كەڭ، كۆپ خىل مەدەنىيەت ئۆزئارا سىڭىشكەن ۋە گىرەلەشكەن. ئىلمىيلىكى كۈچلۈك. مەن خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان بۇ يىرىك ئەسەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئېتىراپ قىلغان ۋە تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان كاتتا ئەسەر دەپ قارايمەن. رەيھان قادىر بۇ كىتابىغا يەنە ئۆزى تاپقان 12 پارچە سۈرەت، چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلار ھەم ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تارتقان 23 پارچە سۈرەتنى كىرگۈزگەن. بۇ سۈرەتلەر كىتابنىڭ ئىلمىي مەزمۇنىغا تېخىمۇ ھۆسن قوشقان. بىر قىسىم سۈرەتلەرنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىز ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. نۆۋەتتە مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىزدا نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىۋاتىدۇ. شانلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلمىي ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىدا ۋە چەت ئەل تىلىدا يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. رەيھان قادىرنىڭ بۇ كىتابى 1986 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى دۇنياغا تونۇتىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.»

رەيھان قادىر «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق شاھانە ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئاجىز ئەھۋالدا تۇرۇپ كەلدى، ھەتتا بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئېلېمېنتلىرى قويۇق ئەسەرنى روياپقا چىقىرىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلدى. مەن «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۇ شاھانە ئەسەرنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن يۈكسەك ئىدىيە بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇناسىۋىتىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك قويۇق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تەتقىقاتىم ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ئىسپاتلىماقچى، بۇ شاھانە ئەسەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش كەڭرى بوشلۇقىغا قويۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيەسى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر دانىشمەنلىرىنىڭ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى كۆلپەت ئېڭىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە يەتكۈزمەكچى بولدۇم. مەن يازغان «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق ئىلمىي ئەسەر مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە مەيدانغا كەلدى. ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىلىم ساھەسىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانت-

لار مەكتىپى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئىلى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات كەسپىدە مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالدى.

مۇھەممەدجان ئەيسا رەيھان قادىر يازغان بۇ كىتابنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە توختىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بۇ كىتابنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل ئامىللىرى تەتقىق قىلىنغان. رەيھان قادىر «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلغاندا، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى ۋە يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەمدە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى خىرىستىيان ئاۋگۇسنىڭ «غايىۋى جەننەت» قۇرۇش ئارزۇسى، 9 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ قارلۇق پەيلاسوپى ئەبۇناسىر فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرى ھەم ئىدىيەلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغان، جۈملىدىن قەدىمكى جۇڭگونىڭ كۇڭزى پەلسەپىسى ۋە مېڭزى - جۇاڭزىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

رەيھان قادىرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك بىلەن تۆت كىتاب («ئۇلۇغ تەلىمات»، «مادارچىلىق»، «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «مېڭزى») ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق كىتابى 2008 - يىلى 9 - ئايدا نەشر قىلىندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلغار ئىدىيەسى بىلەن جۇڭگونىڭ كۇڭزى، لاۋزى، جۇاڭزىدىن ئىبارەت ئۈچ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيەسى سېلىشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي ئەسەردە ئۇلار ياشىغان دەۋر بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قاراشلىرى ئىچىدە بۇ تۆت كىتاب ئىدىيەلىرىنىڭ مەلۇم ئامىللىرى بارلىقىنى دەلىللىگەن. بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پۈتكەندىن كېيىن، رەيھان قادىر 2008 - يىلى 9 - ئايدا ئېچىلغان « 5 - نۆۋەتلىك جۇڭگو كۆپ مىللەت ئەدەبىياتى مۇنبىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئاساسىي تېمىسى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغاندا، ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. جۇڭگو ئەدەبىياتى ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

باشلىقى پىروفېسسور شۇ شىنجەن يىغىن خۇلاسىسى قىلغاندا مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يىغىندا ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىقنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تۇتاشتۇرغىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتخانىسىدىكى رەيھان قادىر بولدى.

بۇنىڭدىن بىرنىچە مىسالغا ئالساق، جۇاڭزى ياشىغان دەۋر ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرى بولۇپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن بەگلىكلەر بىر - بىرىنى يۇتۇپ ئېلىۋاتقان، پۇقرالار سەرسان بولۇپ، ياقا - يۇرتلارغا قېچىۋاتقان، بەگلەر ھەم ھوقۇق ئىگىلىرى ھارام مال - دۇنيا توپلاۋاتقان دەۋر ئىدى. رەيھان قادىر بۇ تەتقىقات ئەسىرىدە «تارىخنامە» ھەم جۇاڭزىنىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرىدىن، جۈملىدىن سىماچيەننىڭ سۆزلىرىدىن نەقىل ئېلىپ، جۇاڭزىنىڭ باي - غوجاملارغا خۇشامەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ يانتايىقى بولۇشنى خالىمايدىغان ئىدىيەسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادىل بولۇشى، پۇقرالارنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئۆتۈشى قاتارلىق ئىدىيەلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان. ھەمدە جۇاڭزىنىڭ ئۇلارنى «رەھىمسىزلىكتە ئۇچىغا چىققان، ئاۋام خەلقنى شىلىپ يەپ ھارام بايلىق توپلىغان» دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل ئېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ «پاك - دىيانەتلىك» بولۇشى توغرىسىدىكى بىر قانچە قاراشلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغان. ئۇ يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر بىلەن جۇاڭزى ياشىغان دەۋر ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى، پادىشاھ، خان - سۇلتانلارنى ئادالەتكە چاقىرىش، ئادالەتلىك، ئىنسابلىق ھۆكۈمرانلارنى ئارزۇ قىلىش، بۈيۈك خەلقنىڭ ئۈمىدى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرىدا ئورتاقلىقلار بارلىقىنى تەھلىل قىلىپ بۇنى چوڭ ئومۇملۇققا باغلىغان.

مۇھەممەدجان ئەيسا رەيھان قادىرنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ مۇنداق دېدى: رەيھان قادىرنىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسىنى ئۇيغۇرلار قۇرغان»، «قۇتادغۇبىلىك قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان» دېگەن قاراشلىرى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە تەھلىل

قىلىش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئىلمىي قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەيھان قادىر ئەسەرلىرىدە يەنە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملار ۋە باغدات خەلىپىلىكى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، روشەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ تۆمۈرىلەر، ئۇلۇغ مۇغۇل سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇھىم رولىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ، ياندىن بايان قىلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. بولۇپمۇ تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە بىر پۈتۈن يېزىق، بىر پۈتۈن تىل بارغانسېرى مۇكەممەللىشىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە يۇقىرى باھا بەرگەن. رەيھان قادىر يەنە يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تىن ئىبارەت كاتتا ئەسەردىكى قاراشلىرىنى تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئالدىنقى بىلەن كېيىنكىسىنىڭ ئۆزئارا زىچ باغلانغانلىقىدىن ئىبارەت بىر جەريانىنى تېپىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا رەيھان قادىر ئىلمىي مېتودولوگىيەنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە باھا بېرىشتە بولسۇن ياكى ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇملار ۋە كاتېگورىيەلەرنى ھەل قىلىشتا بولسۇن ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەشتە بولسۇن، ئۆز تەتقىقاتىنىڭ كۆپ خىللىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەرەب - پارس ۋە باشقا چەت ئەل تىلىدىكى تارىخىي يازمىلاردىن ئىجابىيلىق بىلەن پايدىلانغان، شۇنىڭدەك ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىنى چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاراشلىرىغا سىڭدۈرگەن.

رەيھان قادىر تەتقىقات بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، بىلىم سەۋىيەسىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ، تەتقىقاتى ئۈچۈن يەنىمۇ پۇختا ئاساس سېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. رەيھان قادىر 1992 - يىلىدىن باشلاپ، شىۋېتسارىيە سيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتى مەدەنىيەت، ئادىمىيەت پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇردى؛ 1997 - يىلى گېرمانىيە بېرنشتام بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتخانىسىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولدى؛ 1999 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن ئاۋسترىيە ۋېنا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتخانىسى ۋە مەدەنىيەت، ئادىمىيەت



پەنلىرى تەتقىقاتخانىسىدا ئوقۇدى؛ 2002 - يىلى گېرمانىيە بېرلىن براندېنبۇرگ پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپان تەتقىقاتخانىسى ۋە بېرلىن ئەركىن ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە تەتقىقاتخانىسىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولدى؛ 2006 - يىلى گېرمانىيە خومبولدت ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئافرىقا تىل مەدەنىيەت تەتقىقاتخانىسىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولدى؛ 2011 - يىلى بېرلىن ئەركىنلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە تەتقىقاتخانىسىدا ئىلمىي زىيارەتتە بولدى 2013 - يىلى 9 - ئايدا كورېيەدىكى ئاقارتىش مائارىپى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلمىي زىيارەت ۋە تەكشۈرۈشتە بولدى، 2014 - يىلى 8 - ئايدا يەنە كورېيەدە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولماقچى.

«قىين ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك، رەيھان قادىرنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كەسپىگە پۈتۈن مۇھەببىتىنى بېرىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار، كەسپداشلار بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئىلىم ئەھلىگە ئايلاندى، بىز رەيھان قادىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىغا چىن دىلىمىزدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

(**ئەسكەرتىش: رەيھان قادىر**نىڭ قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىغا دائىر مەزمۇنلارنى يېزىشتا مۇھەممەدجان ئەيسانىڭ **«رەيھان قادىر ۋە قۇتادغۇبىلىك»** ناملىق ماقالىسىدىن پايدىلاندىم)

ئاپتور: مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە چاستوتىسىنىڭ مۇخبىرى، دېكتورى

تەرجىمە كۆزنىكى



# ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپى قانداق بولۇشى كېرەك

**— سىياسەت، قانۇن-نىزام سىستېمىسى بەرپا قىلىشتىن تەلىم-تەربىيە، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگىچە**

«مائارىپ يېرىك پىلان پروگراممىسى»دا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسى مەخسۇس شەرھلىنىپ، قوش تىللىق ئوقۇش-ئوقۇتۇش زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى. خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئومۇميۈزلۈك تەسىس قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىل-يېزىقى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىپ مائارىپنى قوبۇل قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلىك قىلىندى. مەكتەپكە كىرىشتىن ئىلگىرىكى قوش تىل تەلىم-تەربىيەسى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىلدى. دۆلەتنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش، ئوقۇش-ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش، دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا قارىتىلغان قوللىشى كۈچەيتىلدى. «مائارىپ يېرىك پىلان پروگراممىسى»دا ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە دۆلەت ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى ئوبيېكتىپ، توغرا ئىنكاس قىلىنىپ شەرھلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ھەرقايسى جايلارنىڭ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېرىك پىلانلىرىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپىغا چېتىلىدىغانلىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، قوش تىللىق مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى نىشانغا قارىتا قەدەم باسقۇچلۇق ئىش كۆرۈشنى يولغا قويۇشنى كونكرېت پىلانلىدى. دۆلەت ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىنىڭ يۇكسەكلىكى، پىلانلاشنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولۇشى، سېلىنمىنىڭ غايەت زور بولۇشى مىسلى كۆرۈلمىگەنىدى. «مائارىپ يېرىك پىلان پروگراممىسى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئىلگىرىلىشىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. لېكىن مەيلى ئالىملار، بىرىنچى سەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ياكى جامائەت بولسۇن، ئۇلارنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ئىسلاھاتى، قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىگە نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان تونۇشى، ئەمەلىيەت جەريانىدىمۇ ئەمەلىيەتكە ماس كەلمەيدىغان ئىش كۆرۈش ئۇسۇللىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇ ماقالىمىزدە يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قارىتا دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىنىڭ سىياسەت، قانۇن-نىزام سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا قوش تىللىق مائارىپ دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ھەمدە قوش تىللىق مائارىپ سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ سىناپ بېقىشنى مەقسەت قىلدۇق.

**1. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قوش تىللىق مائارىپ سىياسەت، قانۇن-نىزام سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

تىل — مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم توشۇغۇچىسى، مىللەت تونۇلۇشىنىڭ ئۇلى بولۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش بۇرچىنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ. دۇنيادا نۇرغۇن كۆپ مىللەتلىك، كۆپ تىللىق دۆلەت، مىللەتلەرنىڭ

تىلى ۋە ئوخشاش بولمىغان تىللار مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش
توغرىسىدىكى سىياسەت، قانۇن- نىزاملىرى بار. ھەرقايسى دۆ-
لەتلەر جەمئىيەت تەرەققىياتى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۆز-
گىرىشلەرگە ئاساسەن تىل ياكى تىل تەلىم- تەربىيە سىياسىتىنى
دەل ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرىدۇ. تىل ۋە تىل تەربىيە سىياسىتى
دائىم دېگۈدەك تىلنى پىلانلاش ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، تىل
سىياسىتى دۆلەتنىڭ ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ تىل مە-
سىلىسىدىكى تۈپ پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ، تىل يىرىك
پىلانى مەلۇم خىلدىكى تىل ۋە تىل تەربىيە سىياسىتىنى يولغا قو-
يۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان لايىھە ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىز «ئاساسىي قانۇنى»نىڭ 4- ماددىسىدا «مىل-
لەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل- يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي
قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ كۆرسىتىلگەن. «دۆلىتى-
مىزدە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل- يېزىق قانۇنى»، «جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇ-
نى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ قانۇنى» قاتار-
لىق قانۇن- نىزاملاردا ئېلىمىز كۆپ مىللەت باراۋەر ياشايدى-
غان دۆلەت ئىكەنلىكى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قوش
تىللىق مائارىپ سىياسىتى يولغا قويۇلىدىغانلىقى، ئاز سانلىق
مىللەت ئاپتونوم رايونلىرىدا شۇ جايلاردا ئورتاق قوللىنىلىدى-
غان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل- يېزىقنى ئىشلىتىش تە-
كىتلەنگەن.

دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنلىرىدا، ھۆججەتلىرىدە دۆ-
لەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ۋە ئۇنىڭ دۆلەتتە ئورتاق
قوللىنىلىدىغان تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان نې-
گىزلىك پوزىتسىيەسى بىردەك ئېنىق ئىپادىلەنگەن. دۆلەت
بىلەن ھەرقايسى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپنى تەرەققىي
قىلدۇرۇش يىرىك پىلانلىرى، مائارىپ سىستېمىسىنىڭ «ئاسا-
سىي قانۇن»دا بېرىلگەن «ھەر مىللەت ئۆز تىل- يېزىقىنى قول-
لىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن ھو-
قۇقنى يولغا قويۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسى ھېسابلىنى-
دۇ. دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىلنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەي-
تىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئۆگىنىشنى چەتكە
قاقمايدۇ. بەلكى ئانا تىلىدىن باشقا، دۆلەتتە تېخىمۇ كەڭ دائى-
رىدە ئىشلىتىلىدىغان يەنە بىر خىل تىل- يېزىقنى ئۆگىنىشنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى دۆلىتىمىزدە مۇتلەق
كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، غول گەۋدە مىللەت ئورتاق ئىشلىتىدى-
غان تىلنى دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىل قىلىش خەلقئارادى-
كى رەسىم- قائىدە. شۇڭلاشقا ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت-
لەر قوش تىللىق مائارىپى بىرلا ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بىلەن دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىلنى
ئۆگىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسىدە ئىككى قاتلام بار،
بىرى، قانۇن ۋە سىياسەت قاتلىمىدىكى قوش تىللىق مائارىپ
مەسىلىسى، يەنە بىرى، ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇش قاتلىمىدىكى
قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسى.

قوش تىللىق مائارىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم سىياسىي مەسىلە-
سى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەم دۆلەت مەدەنىيىتى، مىللەت
ۋە تىلنىڭ باراۋەرلىكىگە چېتىلىدىغان تۈپكى مەسىلە، ھەم ئا-
دەمنىڭ نېگىزلىك ھوقۇقلىرىدىن بىرى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان-
دىن بۇيان، ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيە-
سى، كۆپ مىللەتلىك بىرلىككە كەلگەن دۆلەت تارىخى، كۆپ
مەنبەئە بىر گەۋدىلەشكەن مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى ئاساس
قىلىپ دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىدىغان تىل بىلەن ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر يۈرۈش
قانۇن، قانۇن- نىزام ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە
ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەجرىبە توپلاپ، دەۋر بىلەن
تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىقىغا مۇناسى-
ۋەتلىك بولغان قانۇن- نىزام ۋە سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتتى ۋە
مۇكەممەللەشتۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ۋە قوش تىللىق
مائارىپ سىياسەت، قانۇن- نىزاملىرى ئېلىمىزنىڭ «ئاساسىي
قانۇن»، «مائارىپ قانۇنى»، «مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى»،
«مائارىپ يىرىك پىلان پىروگراممىسى» قاتارلىق بىر يۈرۈش
قانۇن- نىزام، قائىدە- پىرىنسىپلىرى ۋە يىرىك پىلانلىرىدا مەر-
كەزلىك گەۋدىلەندى. دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىنىڭ
سىياسەت، قانۇن سىستېمىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارى-
خى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنىپ، ھەرقايسى
مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ باراۋەرلىك روھى تولۇق
گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بىلەن دۆلەتتە
ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ
قىلدى. يۇقىرىنىڭ نىزاملىرى ۋە تۈۋەننىڭ نىزام، قائىدە- پە-
رىنسىپ، سىياسەتلىرى بىلەن يىرىك پىلان قاتلام پەرقلىرى
روشەن، لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئېنىق، سىستېمىسى مۇكەم-
مەل بولغان تىل ۋە قوش تىللىق مائارىپىنىڭ قانۇن، سىياسەت
سىستېمىسىدۇر. دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ سىياسەت،
قانۇن سىستېمىسىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قوش

تىللىق مائارىپ قانۇن - نىزام، سىياسەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ باراۋەر، مۇكەممەل ۋە دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن ئالاھىدىلىكلەرنى نامايەن قىلالايدۇ.

دۆلىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە قوش تىللىق مائارىپ توغرىسىدا بىر قەدەر مۇكەممەل، ئىلغار بولغان سىياسەت، قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. لېكىن ئۇزاق مۇددەتلىك قوش تىللىق تەلىم - تەربىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەنىلا سىياسەت، قانۇن - نىزام سىستېمىسىنى چۈشىنىشتە گاڭگىراش ھەمدە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشتا ئېغىشلار كۆرۈلمەكتە. بۇنداق بولۇشتا دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تىل - يېزىق ئىشلىتىش مۇھىتى ئوخشىمايدۇ، مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش قۇرۇلمىسى، بېرىش - كېلىش قىلىش دەرىجىسى، دۈچ كېلىۋاتقان تىل ئېكولوگىيە مۇھىتى، قوش تىلنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدىكى فۇنكسىيە ۋە رولى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بولغان چۈشىنىشى، ئېھتىياجى ۋە ئۈمىدىمۇ ئوخشىمايدۇ. گەرچە بىزنىڭ قارىشىمىزچە «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان» قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتى ياكى ئەندىزىسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ھەممىسى چۈشىنىپ بىلىشى ھەمدە ئىچكى ئېھتىياجىغا ئايلىنىشىغا يەنىلا بىر جەريان كېرەك بولىدۇ، شۇڭلاشقا مۇرەككەپ قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتى ئالدىدا قوش تىللىق مائارىپنى پىلانلاش ياكى قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ سالماق، تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىلەش زۆرۈر.

ھەر قانداق قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتى ۋە تەلىم - تەربىيە ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشتا: بىرىنچى، ھەممىدىن ئاۋۋال «ئاساسىي قانۇن»، «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «دۆلەتتە ئورتاق قوللىنىدىغان تىل - يېزىق قانۇنى» قاتارلىقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقنى ئىشلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەڭ باراۋەر تۇرۇپ ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش شەرت. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپىسى «ئاساسىي قانۇن» بىزگە يۈكلىگەن «ھەر مىللەت ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئاسراش ۋە ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تۈردىكى مەكتەپلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش يۈزىسىدىن ئىزدىنىشىنى قانات يايدۇرۇشنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە قوللاش كېرەك. قوش تىللىق مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى بىر خىل تىلنى يەنە بىر خىل تىلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئەمەس بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل يېزىقى بىلەن دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىل - يېزىقنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىيارلىقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا سىر خىل، تەكشى مائارىپ بايلىقى بىلەن تەمىنلەپ، قوش تىللىق مائارىپ ئىسلاھاتىنى قانۇن بويىچە تەرتىپلىك ھالدا قانۇنىيەتلىك رىئايە قىلىپ، مەيلىگە ھۆرمەت قىلىپ سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئېلىمىزدىكى ئالىملار دائىم دېگۈدەك دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ قانۇن - نىزام سىستېمىسى بىلەن كانادا، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە سىنگاپورنىڭ قوش تىللىق مائارىپ سىستېمىسى ئۈستىدە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ باردى. تۆۋەندىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلاردا دائىم دېگۈدەك ئىككى تەرەپتىكى مەسىلىگە سەل قارالدى.

بىرىنچىسى، غەربتىكى دۆلەتلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە گوموگېنلاشقان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قاراپ، كونكرېتنى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى غايەت زور پەرقلەرگە سەل قارالدى.

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئادەم تۈركۈم قۇرۇلمىسى ۋە مىللەت تۈركۈملەر قۇرۇلمىسى ۋە تۈركۈملەر مۇناسىۋىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ھەرخىل تىللارنى ئىشلىتىش دائىرىسى پەرقلىق بولىدۇ. ئوخشاشلا سىياسىي مەسىلە بولغان تىل سىياسىتىنىڭ قىممەت يۆنىلىشى بىلەن تاللاش يولىمۇ تامامەن بىردەك بولماسلىقى مۇمكىن. قوش تىللىق مائارىپ قانۇنى ۋە سىياسىتىنى تۇرغۇزۇش بىلەن كۈچىدىن قالدۇرۇش ئىنچىل ھالدا كىشىلەر تۈركۈمى، سىياسىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت ئېلىشىشنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى بولۇپ كەلمەكتە، ئېلىشىش جەريانى مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، داۋالغۇشىدا ئەكس ئەتتى. مەسىلەن: ئامېرىكا تىل سىياسىتىدىكى ئېلىشىشنىڭ ئۆزى «لىبېرالىزم» بىلەن

«كونسېرۋا تىپلىق»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئەنئەنە ئوتتۇرى-
سىدىكى كۆرەشتىن ئىبارەت بولدى.

يېقىنقى 40 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئامېرىكا تىل سىياسىتى-
نىڭ باش - ئاخىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى
ئۆزگىرىشلەر بەك ماسلىشىپ كەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - ، 70 -
يىللىرىدىكى ئىنسان ھوقۇقى ھەرىكەتلىرى بىلەن لىبېرالىزملىق
ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر قوش تىللىق مائارىپ ئىشلىرىنى
پەيدا قىلدى. 80 - يىللاردىكى «يېڭى كونسېرۋا تىپلىق كۆز قا-
راشتىكى رىگان ھۆكۈمىتى قوش تىللىق مائارىپ پىلانىنى يولغا
قويۇش، ئامېرىكىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن قارىمۇقارشى يول
تۇتقانلىق» دەپ قارىدى. قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقسىتى ئو-
قۇغۇچىلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشىنى قوغداپ قېلىش-
تىن ئىبارەت ئىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار يېتەرلىك ئىنگلىز
تىلىغا ئېرىشەلمەي ئەمگەك بازىرىغا كىرىپ رىقابەتكە قاتنىشال-
مىدى. كۆچمەنلەرنىڭ زور مىقداردا يوپۇرۇلۇپ كىرىشى، ئامې-
رىكا ئاھالىسىنىڭ مىللەت تۈركۈمى قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش
پەيدا قىلدى، ئاز سانلىق مىللەت تۈركۈمىنىڭ نىسبىتى كۆرۈ-
نەرلىك ئۆستى، « 11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» كونسېرۋاتىزمنىڭ
ئامېرىكا جەمئىيىتىدە سىياسىي غول ئېقىمغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، ئارقىدىنلا قوش تىللىق مائارىپ ئىشلىرىنى قارا
باستى. بۇش ھۆكۈمىتى 2002 - يىلى 1968 - يىلىدا ئېلان قىلىن-
غان «قوش تىللىق مائارىپ قانۇنى»نى ئەمەلدىن قالدۇردى.
شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ قوش تىللىق مائارىپى بارا - بارا
قانۇن، سىياسەت ۋە ئاممىۋى مالىيەنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم
بولدى. [1] ئامېرىكىنىڭ تىل سىياستى بىلەن كانادانىڭ ئوخشى-
مايدۇ، كانادا بىلەن ئاۋستىرالىيەنىڭمۇ ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ.
سېلىشتۇرما تەتقىقاتتا بىر تاياقتا ھەيدىۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۆ-
زىگە پايدىلىق بولغانلىكى كۆز قاراشلارنى تاللىۋېلىپ، نەزەرى-
يەۋى ئاساس قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، غەربتىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلىك دۆ-
لەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاساسلىق كۆچمەنلەردىن
تەركىب تاپقان، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممى-
سى ئەلمىساقتىن بېرى شۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر.

غەرب دۆلەتلىرىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلەر، ئۇلار كۆچۈپ كېلىشنى
نىشان قىلغان دۆلەتلەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى، شۇ دۆلەتنىڭ تى-
لىنى ئۆگىنىپ، شۇ دۆلەتنىڭ مائارىپىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ دۆ-
لەتنىڭ گىراژدانلىق سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، شۇ دۆلەتتىكى
ئاساسىي ئېقىم جەمئىيىتىگە سىڭىپ كېتىش كەبى ھەر تەرەپلىمە
تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلەپ بولغان بولىدۇ. ئاكتىپ، تەشەب-
بۇسكار كۆچمەنلەر نىشانىدىكى دۆلەتكە كۆچۈپ كەلگەندىن
كېيىن ئادەتتە كۆچۈپ كەلگەن دۆلەتلەردىكى ھەرقايسى رايون-
لاردا تارقاق ئولتۇراقلىشىدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆپ مىق-
داردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋال ئاز ئۇچرايدۇ.
شۇڭلاشقا تىل سىياستى ۋە قوش تىللىق مائارىپ جەھەتتە
كۆچمەن سۈپىتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت توپى ھامان پاسسىپ
ئورۇندا تۇرىدىغان بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
بولسا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدا ئولتۇراقلى-
شىپ، شۇ جاينىڭ خوجىسى بولۇپ كەلگەن، ئەلمىساقتىن بېرى،
ئولتۇراقلىشىش ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئۇلارنىڭ مۇھىم
ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر بېرىش - كېلىش قىلىش جەريانىدا
ئۈزلۈكسىز يۇغۇرۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆ-
لەتنى شەكىللەندۈرگەن، ھەرقايسى مىللەتلەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ
ئالاھىدە مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ
ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، دۆلەتتە ئورتاق
قوللىنىلىدىغان تىلغا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن غەرب دۆلەتلى-
رىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئانا تىلىغا ۋە ئاساسىي ئېقىم جەمئىيەت
تىلىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشىمايدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» كەبى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر تىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرىدا ھەرقايسى
مىللەتلەر تىللىرىنىڭ باراۋەرلىكى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت-
لەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى ئالاھىدە تەكىتلەن-
گەن. مانا بۇ سىياسىي پوزىتسىيە بىلەن قىممەت يۆنىلىشى
باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. شۇڭا ھەرقايسى دۆلەت-
لەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىدىكى پەرقلەر، ھەرقايسى دۆلەتلەر-
دىكى مىللىي مۇناسىۋەت، تىل مۇناسىۋەتلىرىدىكى پەرقلەرگە
قارىماي، غەربتىكى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ
قوش تىللىق مائارىپ نەزەرىيەسى ۋە سىياسىتىنى بىر خىل ھەم-
مىگە ماس كېلىدىغان مائارىپ ئەندىزىسى دەپ قاراشنى تۈزى-
تىشكە ۋە شۇ خىل خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.
غەربتىكى ئالىملار قوش تىللىق مائارىپتىكى ئوقۇتۇش بىلەن
ئۆگىنىشتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا، سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقى-
قات ئېلىپ بېرىپ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ بىر يۈرۈش ئۈنۈم-
لۈك نەزەرىيە ۋە ئوقۇتۇش مېتودلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مە-
سىلەن: كانادانىڭ «تەسىرلەندۈرۈش شەكلى»دىكى قوش

تىللىق مائارىپ نەزەرىيەسى، سىنگاپورنىڭ «قاتلاملارغا ئايرىش»، «تارقاقلاشتۇرۇش» قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپىغا ئاكتىپ تەسىر پەيدا قىلدى، بۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

**2. قوش تىللىق مائارىپ سىستېمىسىنى يېڭىباشتىن بەرپا قىلىش ۋە تەتقىقات ئۆلچەملىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى**

قوش تىللىق مائارىپنى تەتقىق قىلىش ئېلىمىز مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدىكى ئاجىز ساھە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى ئۇزاق مۇددەتكىچە سىياسەت، قانۇن قاتلىمىدىكى چۈشەندۈرۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. قوش تىللىق مائارىپتىكى «نېمە ئۈچۈن؟» مەسىلىرى ئۈستىدىلا مۇھاكىمە قىلىپ، قوش تىللىق مائارىپتىكى ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇش مەسىلىسى، يەنى قوش تىللىق مائارىپتىكى قانداق ئىشلەش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا سەل قارالدى.

هازىر ئۆگىنىش ۋە ئوقۇتۇشتىكى قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە تەتقىقاتى تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرۇۋاتىدۇ. قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى ئاساسلىقى قوش تىل تەربىيەسى يۈزەكى ئەندىزە قاتلىمىدىكى ئىزدىنىشكە مەركەزلىشىپ قالدى. قوش تىل تەربىيەسى ئەندىزىسىمۇ قوش تىللىق مائارىپنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭغا شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىدا بىر قەدەر مۇھىم بولغان تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئوقۇتۇش ئەندىزىسى قوللىنىلىۋاتىدۇ، بىرىنچى خىل ئەندىزىدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئاساس قىلىنىپ، خەنزۇ تىلى بىر دەرس سۈپىتىدە تەسىس قىلىنغان. ئۇ «ئانا تىلىدا ئوقۇتۇشقا خەنزۇچە دەرسنى قوشۇپ ئۆتۈش» ئەندىزىسى دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئەندىزىدە خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈش ئاساس قىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت تىل-ئەدەبىياتى بىر دەرس سۈپىتىدە تەسىس قىلىنغان، بۇ «خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشقا ئانا تىل دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش» دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل ئەندىزىدە بىر قىسىم دەرسلەرنى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئوقۇتىدىغان، بىر قىسىم دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتىدىغان قىلىپ تەسىس قىلىنغان، بۇ «ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ۋە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش ئەندىزىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان تىل ئېكولوگىيەسى رايونلىرىدا ئوخشاش بولمىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى تاللاش لازىم. «ئانا تىلىدا ئوقۇتۇشقا خەنزۇ تىل دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش» ئەندىزىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا قوللىنىشقا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ، بۇ جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدە ۋە مەھەللىلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇشى ئانا تىل مۇھىتى ئىچىدە ئۆتىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشقا ئانا تىل دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش ئەندىزىسى ئاساسلىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ياكى كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا قوللىنىلىدۇ، بۇنداق جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشى قوش تىل ياكى كۆپ تىل مۇھىتى ئىچىدە ئۆتىدۇ. «ئاز سانلىق مىللەت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشنى تەڭ ئېلىپ بېرىش» ئەندىزىسى چەت ئەللەردە كۆپرەك، دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىدا ئاز قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سىنگاپوردا ئىنگلىز تىلى بىرىنچى ئوقۇتۇش تىلى، مىللەت تۇركۇمى تىلى ئىككىنچى تىل بولۇپ، ئانا تىل ۋە ئەخلاق تەربىيەسى دەرسلىرىدىلا ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، پۈتۈن دۇنيادىكى قوش تىللىق مائارىپ دۆلەتلىرىنىڭ قوللانغان قوش تىل ئەندىزىسى گەرچە خىلمۇخىل بولسىمۇ، مۇشۇ ئۈچ خىل ئەندىزە ئىچىدىلا بولۇۋاتىدۇ.

قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى ناھايىتى كۈچلۈك قوللىنىشچانلىققا ئىگە، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئەندىزىلەر دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە ۋە دۆلىتىمىزدىكى پەرقلىق رايونلاردا ئىشلىتىلمەكتە، ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ئۈنۈمىدە بولسا ناھايىتى زور پەرقلەر ساقلانماقتا. قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم سەۋەب قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى تىرەپ تۇرغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى شەرتلىرىنىڭ تولۇق هازىرلانغان ياكى هازىرلانمىغانلىقىدا. مەسىلەن: ئىككى خىل تىلنى ئۆز ئانا تىلىدەك پىششىق ئىگىلىگەن قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار هازىرلاندىمۇ-يوق، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىل ئۆگىنىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش دەرىجىسى، ئوقۇغۇچىلاردا قوش تىلنى ئۆگىنىدىغان كۈچلۈك مۇددىئانىڭ بار-يوقلۇقى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ دەرسلەر ئۆلچىمى ۋە باھالاش مېخانىزمى ئورنىتىلدىمۇ-يوق، ئوقۇغۇچىلار مول ئۆگىنىش بايلىقىغا ۋە ئېسىل قوش تىل ئۆگىنىش مۇھىتىغا ئىگە بولدىمۇ-يوق.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى شەرتلىرى هازىرلانغىنى يوق ياكى تولۇق، ياخشى ها-

زىرلانغىنى يوق، ئوخشاش بولمىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ قوللىنىلىشى پەقەتلا ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە دەرس سائەتلىرىنىڭ كۆپەيتىلىشى ياكى ئازايتىلىشىدىنلا ئىبارەت بولدى.

ئوخشاش قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىدە سىنگاپور قوش تىللىق مائارىپتا قوللىنىۋاتقان ئايرىش تۈزۈمى ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ئوقۇتۇش مېتودىنى ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئۇلار مۇنداق ئىشلىگەن: باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قاتلاملارغا بۆلۈپ ئايرىشنى يولغا قويۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىلنى ئىگىلەش دەرىجىسىگە قاراپ، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ يادروسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئۆگىنىش ئىقتىدارى، ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى ۋە ئۆگىنىشتىكى قىزىقىشىغا قاراپ دەرسلەرنى پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئوقۇتۇش مېتودى ۋە باھالاش ئۆلچىمىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت. [2]. شۇڭلاشقا، ئوقۇغۇچىلارنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپلا، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مائارىپ ئەندىزىسى ئاستىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە ئوقۇش-ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىمىگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئارزۇسى ۋە تىل ئىگىلەش سەۋىيەسى بىلەن ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى ئوبدان ماسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. قوش تىللىق ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈشكە تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

قوش تىللىق مائارىپتىكى مەكتەپلەر سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش — ئۇزاقتىن بېرى سەل قارىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىدىكى قالاق ھالەتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىر يۈرۈش ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللاندى، مەخسۇس مەبلەغ سېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا زور كۈچ بىلەن مەكتەپلەرنى قۇردى. 60 نەچچە يىلدىن بېرى، مىللىي مائارىپ يېتەرلىك تەرەققىي قىلىپ، ئۇل مائارىپتىن ئالىي مائارىپقىچە بولغان مىللىي مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىندى.

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا باللار باغچىسى، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساسلىق قوبۇل قىلىدىغان مەكتەپلەر قۇرۇلدى، قوش تىللىق مائارىپ مانا مۇشۇنداق نىسپىي مۇستەقىل بولغان مەكتەپ سىستېمىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. قوش تىللىق مائارىپتا گەرچە نۇرغۇن نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا بىز شۇنىمۇ تونۇپ يەتتۇقكى، مۇستەقىل، يېپىق بولغان قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسىدىمۇ ئۆزىدە بولغان بەزى مەسىلىلەر ئاشكارىلاندى، مەسىلەن: مەكتەپلەرنىڭ تىل مۇھىتى سەرخىل بولۇش، قوش تىللىق ئوقۇش-ئوقۇتۇشنى دەرسلەشتۈرۈش خاھىشى گەۋدىلىك بولۇش، تىل بەلگىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەدەنىيەت ئۆگىنىش ئايرىلىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر قوش تىللىق مائارىپ سۈپىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى چەكلەپ قويىدى. مۇنداق مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بىز ئۇزاقتىن بېرى مۇكەممەل، مۇستەقىل مىللىي مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي مائارىپ ۋە قوش تىللىق مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئېچىۋېتىلىشچانلىقى، سىڭدۈرۈشچانلىقى ۋە ماسلىششچانلىقىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىللىي مائارىپ مەكتەپلەر سىستېمىسىنى بەلگىلىك دەرىجىدىكى نىسپىي يېپىق مائارىپ سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

ئىقتىسادىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى كۈنسايىن كۆپەيدى. خادىملارنىڭ رايون ھالقىپ يۆتكىلىشى تېزلەشتى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى نوپۇس قۇرۇلمىسى بىلەن تىل ئېكولوگىيە مۇھىتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولدى. مىللەتلەر ئارا بېرىش-كېلىش قىلىش شەرت-شارائىتى ۋە پۇرسىتى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىل ئۆگىنىشىدىكى مۇددىئاسى ۋە ئېھتىياجى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ۋەھالەنكى نىسپىي مۇستەقىل ۋە يېپىق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپ سىستېمىسى، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىپ قويۇپ، ئوخشىمىغان مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بېرىش-كېلىش پۇرسەتلىرىنى ئازايتىۋەتتى.

تاق تىللىق مۇھىتتىكى مەكتەپلەردە مەيلى قانداق خىلدىكى قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى قوللانمىسۇن، ئوقۇغۇچىلار يەنىلا ئۆز مىللەت ساۋاقداشلار ئارا باردى-كەلدى قىلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئالاقىلىشىش تىلى، تۇرمۇش تىلى يەنىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانا تىلى بولىدۇ، مانا

بۇنداق تىل مۇھىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتتە ئورتاق تىلنى ئۆگىنىشكە پايدىسىز بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمراقى ئوخشاش بولمىغان مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىكى باردى-كەلدى قىلىش، ئالماشتۇرۇش دوستلىشىش، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بىلىشىش، چۈشىنىش، سىغدۇرۇش ۋە ھۇزۇرلىنىشنى ئۇنۇملۇك ئىلگىرى سۈرۈپ ھەر مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، قوش تىللىق مائارىپنى تەتقىق قىلىش قوش تىللىق مائارىپنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي كەلدى. قوش تىللىق مائارىپ نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلالمىدى.

دۆلىتىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى تەتقىق قىلغان ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش تەخمىنەن مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرسى، ئۇزاقتىن بۇيان بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتى، قانۇن-نىزاملىرىنى چۈشىنىش ۋە تالاش-تارتىشلاردا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە كۆپ سۆزلىشىپ تەتقىقات كونكرېتني ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىن، دەرسخانىدىن ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ يەنە بىرى، چەت ئەللەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپ نەزەرىيەلىرى زور مىقداردا تەرجىمە قىلىندى ۋە تونۇشتۇرۇلدى، تەرجىمە قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇش زۆرۈر، ئەگەر تەتقىقات ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەردىن چەتنەپ كەتسە، پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ تونۇشىنى گاڭگىراش ئىچىگە پاتۇرۇپ قويىدۇ.

بۇنىڭدىن مۇنداق تونۇشقا كېلىمىز: نۆۋەتتىكى قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتىدا تەتقىقات نەزەر دائىرىسى بىلەن تەتقىقات يولىنى ئۆزگەرتىشنى جىددي ھەل قىلىش كېرەك. تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى نەزەرىيە قۇرۇش ئەمەس، بەلكى قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ قوش تىللىق مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇش بولۇشى كېرەك. تەتقىقات نەزەر دائىرىسى جەھەتتە قوش تىللىق مائارىپ دۇچ كېلىۋاتقان ئۇل خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش لازىم، مەسىلەن: بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى ئىچىدىكى ئىككى خىل تىلنىڭ ئۆزئارا يۆتكىلىشى ۋە كاشىلا قىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىل بەلگىلەر سىستېمىسىغا ئېرىشىشى بىلەن قوش مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ئۆگىنىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىلدا ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئوقۇتۇش مېتودىنى ۋە ئوقۇتۇش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىش؛ قوش تىللىق ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش بىلەن مەكتەپنىڭ ئۆز دەرس ئېچىشىنى تەتقىق قىلىش، قوش تىلدا ئۆگىنىش مۇھىتى لايىھەلەش بىلەن ئوقۇتۇش بايلىقىنى ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلاردىن ئىبارەت. تەتقىقات يولى جەھەتتە قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى مەسىلىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، مەكتەپلەرگە ۋە دەرسخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

تەتقىق قىلىش ئابستراكتنى قوش تىل تەربىيەسىگە ئەمەس، بەلكى كونكرېتنى تىلدىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇشقا مەركەزلىشىشى لازىم، مەسىلەن: خەنزۇ تىلى بىلەن تىبەت تىلى، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلار؛ مەكتەپنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تىل مۇھىتىدا قوش تىللىق مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش، ئىلغۇۋېلىش، كېڭەيتىش كېرەك.[3].

**3. قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە، ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى ۋە ئۇنىڭ لايىھەسى**

نۆۋەتتە، قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى ۋە قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، بىزنىڭچە قوش تىللىق مائارىپتىكى مەكتەپ سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش، ئېچىۋېتىلگەن سىغدۇرالايدىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى قۇرۇش، قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە دەرس ئۆلچىمىنى تۈزۈپ بېكىتىش، قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە دەرس بايلىقلىرىنى ئېچىش، قوش تىللىق تەلىم-تەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن باشلاپ قوش تىللىق مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.

**1) مىللي، خەنزۇ مەكتەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى رىغبەتلەندۈرۈپ ئېچىۋېتىلگەن، سىغدۇرالايدىغان قوش تىللىق مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش**

ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش، تارقاق ۋە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شەكلى ئوخشاش بولمىغاچقا، تىل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوش تىل ئۆگىنىش تەلىپىمۇ بىردەك ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان قوش تىل مائارىپ ئەندىزىسىنى تاللىۋال-

غان. قوش تىللىق مائارىپ ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدىلا قانات يايدۇرۇلغاچقا ئوقۇغۇچىلار ئاز سانلىق مىللەتلەر مەكتەپلىرىدىلا قوش تىل تەلىم-تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ تونۇش ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدىكى خاتالىقىمىز. ئەمەلىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار ياكى كۆپ مىللەت ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كۆپ مىللەتلىك بىرلەشكەن مەكتەپ بولۇشنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بىلەن خەنزۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىم تۇرىدىغان، ئۆزئارا يېپىق تۇرىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. ھازىر ئېلىمىزدە مەجبۇرىي مائارىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، مۇنداق ئەھۋالدا ئەلۋەتتە تېخىمۇ يۇكسەك قاتلام بويىچە مائارىپنى ئاددىيلىقى ۋە مائارىپ بايلىقىنى تەكشى تەقسىملەشنى قوغلىشىش كېرەك.

مۇستەقىل تۈزۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ مەدەنىيىتى، تىل مۇھىتى بىر خىللا بولۇپ، دۆلەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىلنى ئۆگىنىشتىكى ياخشى تىل مۇھىتى كەمچىل بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ھالقىغان ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز. مۇستەقىل تۈزۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشىدىكى يولى تار، تاللاش پۇرسىتى ئاز بولغاچقا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ خىل، مول كەسىپلەردە ۋە كەسپىي ساھەلەردە تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشىشىگە پايدىسىز. تاق مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدە تەربىيەلىنىپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىدە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت، جەمئىيەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىش ۋە يۇغۇرۇلۇپ كىرىپ كېتىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولمايدۇ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمۇ يېتەرلىك بولمايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئوخشاش بىر رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى سەۋىيەسى، قوش تىل ئۆگىنىش ۋەزىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى سەۋىيىلەر تۆۋەن... 

رىپنى قوبۇل قىلىش ئاكتىپلىقىغا زەربە بولىدى. تېخىمۇ مۇھىمراقى شۇكى، مۇستەقىل تۈزۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەرقى گەۋدىلەندۈرۈلگەچكە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز سالاھىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىنى تونۇش كۈچەيتىلدى. ئوقۇغۇچىلاردىكى مۇنداق تاق سالاھىيەت ياكى تاق تونۇشقا تەۋەلىك ھېسسىياتى، دۆلەتنى تونۇش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىلىق سالاھىيىتىنى تونۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىسىز بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كۆپ مىللەت ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، ئانا تىل بىلەن دۆلەتتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل جەمئىيەتتە ئالاقە تىلى بولغان رايونلاردا ئاز سانلىق مىللەت ۋە خەنزۇلار بىرلەشكەن مەكتەپ، سىنىپلارنى تەدرىجىي يولغا قويۇش كېرەك.

كۆپ مىللەتلىك مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن مەكتەپلەر ئاتا-ئانىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ رايىغا ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئېھتىياجى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مائارىپ ئەندىزىسىدىكى دەرسلەرنى تاللىۋېلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرسە بولىدۇ. مەكتەپلەر قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ۋە دەرس سىستېمىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك قوش تىلدا ئوقۇتۇش بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلەرنى، سىنىپلارنى بىرلەشتۈرۈشمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۆلەتتە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياخشى تىل مۇھىتى بىلەن تەمىن ئېتىش ھەمدە سالاھىيەتكە ۋە تونۇشقا بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ھېسسىياتتا تەربىيەلىنىش ئۈچۈندۇر. بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىۋاستە ئۇچراشسا مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، بىلىشىش، چۈشىنىشكە پايدىلىق بولۇپ، مىللىي ئىتتىپاقلىق تەربىيەسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

**2) تاللاش رايىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، كۆپ مەنبەلىك تاللىۋالىدىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى بەرپا قىلىش**

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رايىغا بېقىش ۋە تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى ۋە تاللىشىنى قاندۇرۇش قوش تىللىق مائارىپنىڭ چىقىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. «مائارىپ يىرىك پىلان پروگراممىسى»دا بۇ

ئېنىق شەرھلەنگەن. ئانا تىل تەربىيەسى ھەر قانداق بىر
مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇھىم، بەلكى سەزگۈر مەسىلە، ئۇ
نىڭغا مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى بېكىتىشتە ياكى مەلۇم خەل-
قدىكى قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى تاللىۋالغاندا
جەزمەن شۇ ئىشقا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى، پوزىتسى-
يەسى ۋە ئوي - پىكرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئەھمىيەت
بېرىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى، ئاتا -
ئانىلار ۋە مەھەللە ئەزالىرى ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ ئىشقا مۇ-
ناسىۋەتلىك كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت-
لەر ۋە مەكتەپلەر قوش تىللىق مائارىپ يىرىك پىلانىنى تۈز-
گەندە شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆ-
لەمدە يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيەسى ۋە پىكرىگە
ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە شەخس
ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى مۇھىم مەدەنىيەت ئىپادىسى دەپ قاراي-
دۇ، ئۇلاردا كۈچلۈك ئېتىراپ قىلىش ۋە قىيالماسلىق ھېسسى-
ياتى پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئانا تىلنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيە-
سى كۈنسايىن ئاجىزلاشقان چاغدا، ئۇلاردىكى ئېتىراپ قىلىش
ۋە ئۇنىڭدىن قىيالماسلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا
ئاز سانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپىدا ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ تاللىشىغا، رايىغا ھۆرمەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم،
مانا بۇ قوش تىللىق مائارىپ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسى ھې-
سابلىنىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوش تىل پوزىتسى-
يەسى، ئۆگىنىشتىكى تاللاش ئارزۇسى مۇرەككەپ، كۆپ
مەنبەلىك بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان بىر ئاز سانلىق مىللەت
گەرچە بىر رايوندا بولسىمۇ، بىرى - بىرىگە ئوخشىمايدىغان
ئائىلىدىن كەلگەنلىك ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان باللارنىڭ
كۆپ خىل مەدەنىيەت بىلەن باردى - كەلدى قىلىش دەرىجە-
سىمۇ مەدەنىيەتتىكى ھالقىشقا ماسلىشىش قابىلىيىتىمۇ، ئۆزد-
نىڭ كەلگۈسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مائارىپنى قوبۇل
قىلىش ھاياتىنى پىلانلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلار ئۆزد-
نىڭ تىل ئۆگىنىشىگە ماس كېلىدىغان ئەندىزىنى تاللىۋالىدۇ.
شۇڭلاشقا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇ تاللىشىغا
ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا كۆپ مەنبەلەشكەن قوش تىللىق ما-
ئارىپ ئەندىزىسى بىلەن تەمىنلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ
مەنبەلەشكەن ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇش لازىم. خەنزۇ،
مىللىي بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپلەردە مىللىي، خەنزۇلار ئايرىل-
غان سىنىپلار، مىللىي، خەنزۇلار ئارىلاشتۇرۇلغان سىنىپلار ئو-
قۇغۇچىلارنى قاتلاملارغا ئايرىپ تۈزۈلگەن سىنىپلارنى
تەسىس قىلىپ ئوقۇتىدىغان قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسى-
نى يولغا قويۇشى، مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنى بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدىغان قىلىپ گۈرۇپپىلانغان قوش تىلدا ئۆگىنىدىغان
دەرسلەرنى تاللىۋېلىشىنى تەمىن ئېتىش كېرەك.

مەكتەپلەرمۇ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى، ئۆرپ - ئادىتى ياكى تىلىنى
ئۆگىنىدىغان دەرسلەرنى تاللاپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش
لازىم. قوش تىللىق تەلىم - تەربىيەسىنى قاتلاملارغا بۆلۈپ،
تارقاقلاشتۇرۇش تۈزۈمى سىنگاپور قوش تىللىق مائارىپ تۈ-
زۈلمىسىدىكى مۇھىم ئىسلاھات، ئۇ دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆ-
لەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلماقتا. بۇ قوش تىللىق مائارىپ سۈپە-
تىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئۈنۈملۈك ئۆگىنىش ئەندىزىسى
ھېسابلىنىدۇ.

**3) قوش تىللىق دەرسلەر ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، قوش تىللىق دەرسلەر بايلىقىنى كۆپەيتىش**

ئېلىمىزنىڭ ئۇل مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئۇزۇن يىللىق ئەمە-
لىي ئىزدىنىش ئارقىلىق دەرس ئىسلاھاتىدا كۆرۈنەرلىك
ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭمۇ ئۇل مائارىپ سىستېمىسى-
نىڭ قۇرۇلۇشى، دەرس ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە يولغا قويۇش
ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولدى. قوش تىللىق تەلىم - تەربىيە-
سى ئاساسلىق مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
قوش تىل تەربىيەسى مەكتەپتىكى رەسمىي دەرس قىلىنىدۇ،
دەرس ئۆلچىمى بېكىتىش كەم بولسا بولمايدۇ. قوش تىللىق
مائارىپتا دەرس ئۆلچىمى بولمىسا، «دەرسلىك تۈزۈش، ئوقۇ-
تۇش جەريانى، باھالاش، ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشتا تايىنى-
دىغان ئاساس بولمىغاچقا ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدى-
غان» بولۇپ كېتىدۇ. قوش تىللىق تەلىم - تەربىيە دەرس
ئۆلچىمى ئانا تىلنى تىل ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئۆلچىمى قە-
لىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «تىبەت تىل - ئەدەبىيا-
تى» دەرس ئۆلچىمى، «ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى» دەرس
ئۆلچىمى دېگەندەكلەر، بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاز سانلىق مىللەت
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلنى ئۆگىنىش دەرس ئۆلچىمىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئانا تىلدا ئوتۇلىدىغان دەرس-
لەرگە خەنزۇ تىلىنىمۇ قوشۇپ ئۆگىتىدىغان قوش تىللىق مائا-
رىپ ئەندىزىسىدىكى خەنزۇ تىلى دەرس ئۆلچىمى.

قوش تىل دەرسلىرىنىڭ ئۆلچىمى ئۇل مائارىپ باسقۇ-
چىدىكى تەربىيەلەش نىشانىنى دەۋر قىلىپ، قوش تىل دەرس

بىلەن پۇقرالارنىڭ ساپاسىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسىي تەلەپلەر مۇناسىۋىتىنى بېكىتىپ، تەربىيەلەش نىشانىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان قىلىش لازىم. قوش تىل دەرسىنىڭ مەزمۇن ئۆلچىمىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئانا تىل دەرسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىردەك بولۇشى تەكىتلىنىپ، ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەتكىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئانا تىل دەرسىنىڭ مەزمۇنى خەنزۇ تىلى دەرسىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان ھادىسىدىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئانا تىلنىڭ ئۆز يېرى مەدەنىيەت جەمئىيىتىدە قوللىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈش شەرت.

قوش تىل دەرس ئۆلچىمىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئانا تىلى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش جەريانىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ماتارىپ ئەندىزىسى «يېتىدىغان تىل سەۋىيە تەلەپلىرى»نى تولۇق ئويلاش كېرەك. ئوخشاش بولمىغان قوش تىللىق ماتارىپ ئەندىزىلىرىدە ئانا تىل بىلەن خەنزۇ تىل ئۆگىنىش سەۋىيەسىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرمۇ ئوخشىمايدۇ، ئىمتىھان ئېلىپ نەتىجە باھالاشتىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆلچەملەر بار. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنىڭ دىيالېكت پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا قوش تىل دەرسى ئۆلچىمىدە بىرلىككە كەلگەن، دۆلەت ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دەرس نىشانى تەلەپىدىن سىرت، مەزمۇن ئۆلچىمى، يولغا قويۇش تەۋسىيەلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئېچىۋېتىشچانلىق ۋە جانلىقلىق بولۇشى، يەرلىك دەرسلەر ۋە مەكتەپ دەرسىنىڭ مەزمۇنىنى سىغدۇرالايدىغان بوشلۇق بولۇشى زۆرۈر.

ھازىرقى قوش تىللىق ماتارىپتا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك كىتابىدىن باشقا، ھېچقانداق پايدىلىنىدىغان دەرس بايلىقى يوق. دەرس بايلىقىنىڭ كەمچىللىكى قوش تىللىق ماتارىپ ئۈنۈمىنى بوغۇپ تۇرۇۋاتقان تۇسالغۇ. قوش تىللىق ماتارىپ دەرس بايلىقى مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى دەرس بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئۆگىنىش شەكلى، ئوقۇتۇش ئىستراتېگىيەسى، كىتاب ماتېرىياللىرى ۋە مەكتەپ ئىچىدىكى ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇھىم دەرس بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپ سىرتىدىكى دەرس بايلىقى، يەرلىك بايلىق، مەھەللە ۋە ئائىلە بايلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۆۋەتتە، قوش تىللىق ماتارىپ تور بايلىقى قۇرۇلۇشىنى ئالاھىدە كۈچەيتىپ، تورنىڭ سىغىمچانلىقى زور، تارقىلىشى تېز، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە مەدەت بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەلا سۈپەتلىك ئوقۇتۇش كۆرۈنمە چاستوتا، ئوقۇپ چىقىش ماتېرىيالى، ئوقۇش، دەرس دېتاللىرى بىلەن تەمىن ئېتىپ، دەرس ئىچى ۋە سىرتىدىكى قوش تىللىق ماتارىپ بايلىقلىرىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى تولدۇرۇش لازىم.

**4) قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى ئۈستىدە ئىزدىنىش**

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوش تىللىق ئۆگىنىش سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئامىللار ئىچىدە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيەسى شۈبھىسىزكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، براق قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىگە قارىتا ئېنىق تەبىر (ئورۇن بەلگىلەش) ۋە تەلەپ يوق. «ئادەتتىكىچە ئېيتقاندا قوش تىللىق ماتارىپ سىستېمىسى»دىكى ئوقۇتقۇچىلاردا يالغۇز كەسپلەرنى ئوقۇتۇشتىكى بىلىم ۋە ئىقتىدار ھازىرلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلار ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىۋاتقان ئاشۇ تىلغا نىسبەتەن ناھايىتى يۇكسەك دەرىجىدىكى مەشقلەنگەن سەۋيەسى ھەمدە پىششىق مەشقلەندۇرۇلگەن يەنە بىر خىل تىلد ئالاقە قىلالايدىغان بولۇشى شەرت. [4] مۇشۇ بويىچە قارىغاندا ئېلىمىزدىكى يارامىلىق قوش تىل ئوقۇتقۇچىلىرى يېتەرلىك ئەمەس. دۆلىتىمىزدىكى قوش تىللىق ماتارىپ سىستېمىسىدا بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، ئۆز ئانا تىلدا دەرس ئۆتىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئاساسلىقى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار بولۇپ، خەنزۇ تىلدا دەرس ئۆتىدۇ، ئۇلار دائىم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا پىششىق ئۆگەنگەن يەنە بىر خىل تىل بىلەن ئالاقە قىلالمايدۇ. تاق تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويغاندا، ھەرقايسىسى ئۆز ئانا تىلدا دەرس ئۆتىدۇ. مۇنداق قوش تىللىق ماتارىپ سىستېمىسىدا نۇقسان بولىدۇ. نەتىجىدە مەكتەپلەردە ئىككى خىل ئوقۇتقۇچىلار توپى شەكىللىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ بىرى ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ئوقۇتۇش تىلى قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلار توپى، يەنە بىرى خەنزۇ تىلىنى ئوقۇتۇش تىلى قىلغان خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار توپى بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئورگانىك ئوقۇتۇش كوللېكتىپى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋەزى-

پە ئۆتەشتىكى سالاھىيەت ئۆلچىمىنى تېزلىكتە تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب، قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى يەرلىكلەشتۈرۈپ، تۆۋەن قاتلاملىق تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەنلىكتىندۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى مىللىي مەكتەپلەردىلا يېتىشتۈرىدىغان ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئايرىپ، باسقۇچلار بويىچە تەربىيەلەش شەكلىنى، يەنى ئانا تىلدىكىلەرنى ئۆز جايىدىكى مەكتەپلەردە تەربىيەلەش، خەنزۇ تىلى ۋە كەسپىي قابىلىيىتىنى باشقا جايدىكى يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە بولىدۇ. يۈكسەك سەۋىيەدىكى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بۇ ئىشقا پائال قاتنىشىشى لازىم. ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنى، ئوقۇتۇش قابىلىيىتىنى ۋە ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى تەربىيەلەش تىل ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەدەنىيەت ھالقىپ ئالاقىلىشىش (پىكىرلىشىش) ئىقتىدارىنى ھەمدە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى سىغدۇرىدىغان روھىي ھالىتىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار مەنبەسىنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشىگە ئىلھام بېرىپ، قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كۆپ مىللەتلىك بولۇپ، كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش زۆرۈر.

قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى ۋە دەرس لايىھەلەشتە ئىككى قاتلاملىق مەسىلە بار: بىرىنچى، قاتلىمى پىششىپ يېتىلگەن ئۇنۇملۇك بولغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، مەسىلەن: «تەسىرلەندۈرۈش شەكلى»دىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى، «قاتلامغا بۆلۈپ تارقاقلاشتۇرىدىغان» قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى، «مەنزىرىلىك مەدەنىيەتنى ھېس قىلدۇرۇپ ئوقۇتۇش مېتودى» دېگەنلەر بۇ خىل ئوقۇتۇش مېتودلىرىنىڭ بىر قەدەر پىشقان نەزەرىيە ۋە مەشغۇلات پروگراممىلىرى بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى. مەسىلەن: تىبەت تىلى، ئۇيغۇر تىلى، كورېيە تىلى قاتارلىقلار، ئانا تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى ۋە سۆزلەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنىڭ خەنزۇ تىلى بىلەن پەرقى، ئانا تىل ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتىكى كاشىلىلار ۋە يۆتكىلىش قانۇنىيىتى، تىل بەلگىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن مەدەنىيەتنى بىلىش رامكىسىدىكى يۆتكىلىش ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار. قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيەلەش جەريانىدا، قوش تىللىق ئوقۇتۇش مېتودى دەرسلىرى ۋە ئەمەلىي مەشقلەندۈرۈش ھالقىلىرىنى جەزمەن تولۇقلاش لازىم، مانا بۇ قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى يەنە بىر ئىنتايىن ھالقىلىق مەسىلە.

**ۋەن مىڭگاڭ** (غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى.)

**ليۇ خەيجيەن** (غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي شىمال ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقات مەركىزىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى.)

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. چېن نا «4046 تۈزىتىلگەن نۇسخا»دىن سۆز باشلاپ — ئامېرىكىنىڭ تىل سىياسىتى توغرىسىدىكى پاراڭلار. كىتاب ئوقۇش، 2007، (12)

2. خې جياۋرۇڭ، لى گويشيەن، جۇڭگو، چەت ئەللەرنىڭ قوش تىللىق ئوقۇتۇش يېڭى نەزەرىيەسى. (M)، بېيجىڭ: ئىلىم - پەن نەشرىياتى، 2010، 196 - 199

3. جاڭپۇر مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن بىر مەكتەپنىڭ تىپىك ئۈلگىسى. جۇڭگو مائارىپ گېزىتى 2011.5.10

4. F.M ماركىر، M . سىگىنېن. «قوش تىللىق مائارىپ ئومۇمىي نەزەرىيەسى» (M) بېيجىڭ: نۇر گېزىتى نەشرىياتى. 1989.140 - ، 141 - ،

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىقى باشقۇرۇشىدا، جۇڭگو مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مائارىپ تەتقىقاتى» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ 2012 - يىللىق 8 - سانىدىن **يۇنۇس تاھىر** تەرجىمىسى.

ئىلماچ: شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ يۇرتى، شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پېنسىيونېرى



# كارخانا مەدەنىيىتى ۋە مىللىي روھ

ئابلىكىم نۇرمەمەت

مەلۇم رايون ياكى مەلۇم مىللەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتى شۇ رايون شۇ مىللەت كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شەكىللەنگەن قىممەت قارىشى، تىجارەت قارىشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش جەريانىدىكى يېڭى مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى يارىتىش، شۇ ئارقىلىق رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تۆھپە قوشۇش ئېڭىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بازار تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغان، رىقابەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان، ئىقتىسادىي كىرىزىس يۈز بېرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەتنى ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، يەنى «ئادەمنى مەركەز قىلىش» ھەرقانداق بىر كارخانىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. بىراق تارىخى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ، شۇنداقلا مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ سودىغا بولغان تونۇشى، بولۇپمۇ سودا ئەنئەنىسى ۋە سودا مەدەنىيىتى ئوخشاش ئەمەس. بۇ ھال ھەرقايسى رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە باشقا پەرقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئامېرىكىنىڭ ئىقتىساد ۋە باشقا جەھەتتە دۇنيادا كۈچلۈك دۆلەت بولالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئامېرىكا كارخانىلىرىدا مۇستەھكەم، سىستېمىلىق كارخانا مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ، سودا خادىملىرى باشقا ئىلمىي ساھەلەرگە ئوخشاش ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، مۇنتىزىم تەربىيەلەنگەن. مەسىلەن: دۇنيادا ھەر يىلى ئامېرىكىغا كېلىپ، يۇقىرى تېخنىكىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ سانىدىنلا بۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ بېكىتىلگەن سىياسىتىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «سىلەر ئىختىساسلىقلارنى ئوبدان تەربىيەلەۋېرىڭلار، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىدىن ئالىي مەكتەپ، ئاسپىرانتلىق، دوكتورلۇقچە 20 يىل جاپالىق تەربىيەلەڭلار. مەكتەپ پۈتكۈزگەن ھامان مەن ئۇلارغا دوكتۇر ئاشتى ئۇنۋانى بېرىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ.» [1] دېمەك، ئامېرىكا كارخانىلىرى ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا تۆۋەندىكى سودا ئەنئەنىسىنى ئۆزىگە ئەندىزە قىلغان.

**بىرىنچى، «خېرىدارلار بىرىنچى» ئېڭى.** بۇ خىل كارخانا ئېڭى «مەھسۇلاتلارنى مەركەز قىلىش»تىن يېڭى مەھسۇلاتلارنى لايىھەلەش، مۇلازىمەت قاتارلىق ھەممە ھالقىلاردا «ئىستېمالچىلارنى مەركەز قىلىش» ئاساسىي يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان.

**ئىككىنچى، «دۇنياۋى بازار ئېڭى».** ئامېرىكىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىدە دۇنيا بازارلىرىنى ئېچىش، ئىگىلەش، ئۆز تەۋەلىكىدىن ھالقىپ چىقىش ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك. مەسىلەن: «كوكاكولا»، «پېپسى كولا»، «كىنتاكى» قاتارلىق مەھسۇلاتلار دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ

## كارخانا مەدەنىيىتى

كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. «دۇنيادىكى 100 داڭلىق ماركا ئىچىدە ئامېرىكا 58 نى ئىگىلىگەن». [2]. دېمەك، «دۇنياۋى بازار ئېڭى» دۇنيادىكى كۈچلۈك كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا كارخانىلىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى.

ئۈچىنچى، «تەۋەككۈل قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش» ئېڭى. ئامېرىكىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىدە يېڭى مەھسۇلات ۋە بازار ئېچىشقا دادىل مەبلەغ سېلىش، يەنى «تەۋەككۈل قىلىش» ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك. مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكىدا چوڭ زاۋۇتلار كۆپ ئەمەس. سودا - سارايلاردىكى كىيىم - كېچەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، كىچىك تىپتىكى ئائىلە سايمانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگودا ئىشلەنگەن، مېۋە ۋە كۆكتات قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇبىي ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە كۆپ ئەمەس. لېكىن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تېخنىكىلىق تەركىبىنىڭ يۇقىرىلىقى، پاتېنت ھوقۇقى جەھەتتە دۇنيا بازىرىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بايقايمىز.» [3]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە دۇنيادا 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان ياپونىيە 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ ئامېرىكىنىڭ تىجارەت ئەندىزىسى (كارخانا مەدەنىيىتى) ئاساسىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تۆۋەندىكىدەك كارخانا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن:

بىرىنچى، «سۈپەتنى ئاساس قىلىش». ھەممىگە مەلۇم ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئالايلۇق، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ئامېرىكىنىڭ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم كارخانىچىلار ياپونىيەدىكى بىر قىسىم كارخانىلارنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت جەھەتتە ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىغا يەتمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساھەدىن چېكىنىپ چىقىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن رەڭلىك تېلېۋىزورلارنىڭ كۆپىنچىسى ياپونىيەدىن كىرگۈزۈلىدىغان بولغان.

ئىككىنچى، «بازار تەكشۈرۈش، يەنى بازارنى چۈشىنىش». بۇ ياپونىيە كارخانىلىرىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىدىكى يەنە بىر دەستۇرى.

ئۈچىنچى، «سەزگۈرلۈك، يەنى بايقاش». ياپونىيە كارخانىلىرى پۇرسەتنى تۇتۇشتا ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا دۇنيادا بىر قەدەر ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان يەھۇدىيلارنىڭ سودا مەدەنىيىتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يەھۇدىيلار «كۆمۈشنى كۆمۈش باھاسىدا سېتىش تىجارەت ئەمەس، كۆمۈش بولمىغان نەرسىلەرنى كۆمۈش باھاسىدا سېتىش تىجارەت»، «بار نەرسىلەرنى ئېھتىياجلىق ئادەملەرگە سېتىش تىجارەت ئەمەس، يوق نەرسىلەرنى ئېھتىياجى يوق ئادەملەرگە سېتىش ھەقىقىي تىجارەت» [4] دەپ قارايدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلارنىڭ سودا دەستۇرى، سودا مەدەنىيىتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكىدىكى مىليونېرلارنىڭ ئىچىدە 20% تىنى يەھۇدىيلار ئىگىلەيدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ مۇھىم نىشانى ئاياللار ۋە يېمەك - ئىچمەكنى تىجارەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلغان. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان سودا ئىككى خىل بولىدۇ: «ئاياللارنى چەللەش ۋە گالنى چەللەش سودىسى.» [5]

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بىر مىللەتنىڭ سودا مەدەنىيىتى شۇ مىللەت كارخانىلىرىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى، سودا ئىشلىرى گۈللەنگەن رايون ۋە مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولىدۇ. مەدەنىيەت ساپاسى ئاخىرقى ھېسابتا شۇ مىللەتنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە تۇتقان ئورنى، ئوينىغان رولى ۋە شان - شەرىپىنى بەلگىلەيدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، تارىختا «سودىگەر» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خەلقى بۇرۇندىن باشلاپلا سودا ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھەمدە «يىپەك يولى» سودىسىدا ئۆزگىچە سودا مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن. «19 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا، يەنى 1848 - يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىگىلىك تىكلەشتە دۇنياغا يۈزلىنىپ، تىجارەت پائالىيىتىنى رۇسىيە، ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيتىپ، تاشكەنت، ئالمۇتا، ئەنجان، سىرۋالسكىي، زەيسەن، موسكۋا، قازان قاتارلىق شەھەرلەردە سودا رايونلىرىنى قۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا

ئېچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ نەزەر سېلىپ، تيەنجىن، چىڭدۇ، سۇجۇ، خاڭجۇ، شىئەن، لەنجۇ، ۋۇۋېي، جيۇچۇەن قاتارلىق شەھەرلەردە سودا سارايلارنى قۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار سودا تىجارىتىنى تۈركىيە، گېرمانىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىگە ھەمدە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە يەتكۈزدى.» [6] ئۇيغۇرلار سودا ساھەسىدە ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە پۇختا ئاساسقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى «يىپەك يولى سودىسى»نى ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور تۆھپە قوشقان. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قىسىم سودا ئادەتلىرى، سودا قارىشى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا بازارلىرىنى ئېچىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ كارخانىلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىش يولىدا يەنىلا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

1. ئۇيغۇرلار سودا پائالىيىتىدە بۇرۇنلا سودا ئەخلاقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ۋە كارخانىچىلىرىنىڭ ئەخلاق (ئېتىقاد) قارىشى باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ئەخلاق ئېڭى، ئۆرپ-ئادىتى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئاستا-ئاستا شەكىللىنىپ مۇكەممەللەشكەن. بولۇپمۇ سودا (ئېتىقاد) ئەخلاقى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي يىلتىزىدا بار بولغان بىر خىل سودا ئېڭى، «سۈپەت» ئېڭى ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار مەلۇم سودا ئۈستىدە ئىككى تەرەپ ئاغزاكى توختاملاشقان بولسىمۇ ئۈچىنچى بىر تەرەپ يۇقىرى ھەق بېرىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ ھەرگىز بېشىدىكى توختامغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، يەنە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدۇ. «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش»نى ئۆزىنىڭ كېيىنكى سودا يولىنى توسقانلىق دەپ قارايدۇ. دېمەك، سودا ئەخلاقىغا (ئېتىقاد) ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا بۇ نۆۋەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى كارخانىلار قوللىنىۋاتقان كارخانا مەدەنىيىتى.

2. ئىزچىللىق ناھايىتى يۇقىرى. ئۇيغۇرلار سودا ئەمەلىيىتىدە شۇغۇللىنىۋاتقان سودىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى سودىدا نەتىجە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ. دادا ھۈنىرىنى بالىغا ئۆگىتىش، بالىلارنى كىچىكىدىن باشلاپ سودىغا قىزىقتۇرۇش، سودا قىلىشقا دەۋەت قىلىش، سودىدا سىناش قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىدىكى مۇھىم ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ.

3. «بازارغا ئەھمىيەت بېرىش، بازار ئېچىش» ئېڭى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئاناڭمۇ بازار، داداڭمۇ بازار» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ بازارغا ۋە بازار ئېچىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئۇيغۇرلاردا «بازار» دېگەن ئۇقۇم ئادەتتە ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى سودا ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە دەرىجىسى ئەمەلىي شارائىتقا قاراپ ئوخشىمايدۇ. يەنە بىرى، مۇقىم ۋاقىت ۋە كەسپىگە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: يەكشەنبە بازار، چارشەنبە بازار، ئەتىگەنلىك بازار، كەچلىك بازار، تاش بازار، قوناق بازار، سەي بازار، مال بازار قاتارلىقلار. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇرلاردا بازار ۋە بازار ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قاچان شەكىللەنگەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق تارىخىي مەلۇمات بولمىسىمۇ لېكىن ئالىملارنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە غەربىي رايوندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ بولغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە.» [7] بۇ نۇقتىدىن شىنجاڭدا ناھايىتى بۇرۇنلا بازارلارنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا «بازار» ۋە «بازار ئېڭى»نىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىرقى زامان كارخانا مەدەنىيىتىمىزگە پۇختا ئاساس سالغان.

4. «سودىدا تەڭ باراۋەر، ئادىل بولۇش». بۇ خىل ئاڭ دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، ئادىللىق، ئەركىنلىك تەكىتلىنىۋاتقان ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ يادروسى. ئالايلۇق، بىز ھەرقانچە يېقىن دوست بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ دۇكىنىدىن بىر نەرسە سېتىۋالساق ئۇنىڭغا ھەق تۆلەيمىز. ئۇنداق بولمىغاندا سودا يۈرۈشمەيدۇ، دېگەن قاراش شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا باشقىلارنىڭ سودىسىغا ئارىلىشىشنى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى يامان كۆرۈش، بۇلار ھازىرقى زامان سودا مەدەنىيىتىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىك ئېسىل ئەنئەنىمىز.

5. «مۇلازىمەت» ئىگى ناھايىتى يۇقىرى. ئۇيغۇرلار
مەيلى كىچىك سودا بولسۇن ياكى كۆلەملەشكەن سودا
بولسۇن تىجارەت جەريانىدا خېرىدارلارغا (كونا ياكى يېڭى
خېرىدار بولسۇن) ناھايىتى ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. خېرى-
دارلارنى قىممەتلىك مېھمان قاتارىدا كۆلۈمسىرەپ قىزغىن
كۈتۈۋالىدۇ. خېرىدارلارنى «ئاكا»، «ھەدە»، «سىڭلىم»،
«چوڭ ئاپا»، «چوڭ دادا»، دېگەندەك يېقىملىق ناملىرى
بىلەن ئاتايدۇ. بۇ خىل مۇلازىمەت ئىگى ئىلغار تەرەققىي
قىلغان كارخانىلار قوللىنىۋاتقان «شەكىلسىز مەبلەغ» ئىگى-
نىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ، ھازىرقى كەسكىن رىقابەت
جەريانىدىكى كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى قولغا
كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.
دېمەك، ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىل-
گەن، رىقابەت بارغانسېرى كۈچەيگەن بۈگۈنكى كۈندە
ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىگى تاسادىپىي شەكىللەنگەن ئەمەس.
بەلكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي يىلتىزغا ۋە مەدەنىيەت ئاسا-
سىغا ئىگە.

دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن كۈچلۈك كارخانىلار
رايونىمىز بازىرىغا كىرىپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا شەكىل-
لەنگەن سودا مەدەنىيىتىمىزگە ۋە سودا ئىشلىرىمىزغا زور
بېسىم ۋە رىقابەت ئېلىپ كەلدى. بۇ كەسكىن رىقابەتتە بىر
قىسىم كارخانىچىلىرىمىز يۇقىرى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەسلى-
دىن ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىلغار سودا مەدەنىيىتى بىلەن ھا-
زىرقى زامان ئىلغار سودا تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈپ زور
ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە ئۆزىمىزگە
خاس، زامانغا لايىقلاشقان بىر خىل سودا مەدەنىيىتىنى شە-
كىللەندۈردى. بۇ ھال كارخانىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تە-
رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن بەلكى رايونىمىز
ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا زور تۈرتكىلىك رول ئوينى-
دى. بىراق شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكۈزۈش كېرەككى، بىر
قىسىم كارخانىلىرىمىزنىڭ تىجارەت قۇرۇلمىسى، تىجارەت
ئىگى، تىجارەت ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەر ھازىرقى زامان
سودا ئۇسۇلىغا ئانچە ماسلىشىپ كېتەلمىدى. بولۇپمۇ تىجا-
رەت قۇرۇلمىسى يەنىلا كۆلەملىشىپ كېتەلمىدى. يەنە مۇ-
كەممەل نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە بولغان، زامانغا لايىق-
لاشقان سودا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. ئۇلار
يەنىلا كونا سودا ئىگى ئاساسىدا ئوخشاش - چوشەك تىجا-
رەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار ئەمدىلا تىجارەتنى باشلىغان ۋا-
قىتتا ھەرقانداق سودىگەر پايدا ئالالايدۇ. لېكىن مەبلىغى
مەلۇم پەللىگە بارغاندا ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىشنى نېمە بىلەن
شۇغۇللىنىشى، كۆلەملەشكەن، سىستېمىلاشقان كارخانا -
شىركەت قۇرۇپ سودىنى كۆلەملەشتۈرۈشنى يەنى پۇل تې-
پىشتىن خەجلەشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدى.
چۈنكى ئۇلاردا سىستېمىلاشقان، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆ-
تۈرۈلگەن سودا ئىگى ۋە چۈشەنچىسى تېخى شەكىللەنمە-
دى. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيا چېگرا سودىسى ئەمدىلا يولغا
قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە چېگرا سودىسى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ ئاجايىپ يول تاپقان، پۇل تاپقان ئەزىمەتلىرىمىز-
نىڭ ئىچىدە ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىگىنى قانچىلىك؟!
كۆلەملەشكەن، سىستېمىلاشقان كارخانا، شىركەت قۇرغان
سودىگەرلىرىمىزنىڭ سانى قانچىلىك؟! بۇنىڭدىن باشقا يې-
قىنقى يىللاردا كۆتۈرۈلگەن «قاشتېشى قىزغىنلىقى»دىمۇ يۇ-
قىرىقىغا ئوخشاش قىسمەتلەر يۈز بەرمەكتە. مەسىلەن: قاش-
تېشى سودىگەرلىرى چامادان - چامادان قاشتېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، خۇددى «ئوتتۇرا ئەسىردىكى سودا شەكلى» بويىچە
مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قاتراپ يۈرمەكتە. بە-
زىلەر پايدا ئالغان بولسىمۇ يەنە بەزىلەر پۈتۈن بىساتىدىن
ئايرىلدى. ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ مەلۇم جايدا قانۇن-
لاشقان، سىستېمىلاشقان پىششىقلاپ ئىشلەش ياكى ئېلىپ
تارقىتىش شىركىتى قۇرۇشنى ئويلىمىدى. دۆلەتنىڭ مۇناسى-
ۋەتلىك سودا قانۇن - نىزاملىرىنى، سودا شارائىتىنى، ھازىر-
قى زامان سودا ئۇسۇلىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
بىر مەزگىل پۇل تاپقان تەقدىردىمۇ «ئۆزىنى بىر مەزگىل
بېقىش» بىلەنلا چەكلەندى، ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت
بولۇپ تۇرالمىدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كۆلەملەش-
كەن، سىستېمىلاشقان كارخانىلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس
بولغان كارخانا ئالاھىدىلىكى يەنى كارخانا مەدەنىيىتى كە-
شىنى ھەقىقەتەن خۇشال قىلىپ، باشلامچىلىق قىلىش رولىنى
ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ۋە
خەلقئارادىكى چوڭ كارخانىلارغا ئوخشاش مۇقىم بولغان تە-
جارەت ئوبيېكتى، بازار نىشانى ممللەت ۋە ماكان نۇقتىسى-
دىن تولۇق ھالقىپ كېتەلمىدى. بۇ ھال «زەنجىرسىمان

ئىشلەپچىقىرىش»تىن ئىبارەت ھازىرقى زامان ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ شەكىللىنىشىگە توسالغۇ بولدى.

ئالايلۇق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم كارخانىلىرىمىز بازار ئېھتىياجىغا ماس ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت قاتارلىق تەرەپلەردە يېڭىلىقلارنى يارىتىش بىلەن بىللە مەھسۇلات تۈرلىرىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، خەلقىمىزنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى مەلۇم نىسبەتتە قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن «ئىستېمالچىلارنى ئاساس قىلىش» ئېڭى تازا يېتەرلىك بولمىدى. بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر نەچچە سودا دولقۇنىنى يەنى «چاي دولقۇنى»، «گىرىم بۇيۇملىرى دولقۇنى»، «ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى دولقۇنى»، «تالقان دولقۇنى»، «تەييار چۆپ دولقۇنى» قاتارلىق بىر يۈرۈش سودا دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. بۇ ھال كارخانىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور توسالغۇ بولدى. شۇڭلاشقا مىللىي كارخانىلار «زەنجىرسىمان ئىشلەپچىقىرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىللە «مەخسۇسلىشىش»تىن ئىبارەت كەسپلەشكەن، ئۆزىگە خاس بولغان ئېگىلىك يولى ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە رىقابەت تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ، بىراق بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنى، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ سودا ئېڭىغا ۋە ئەخلاقىغا يات بولغان ناتوغرا رىقابەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ يولىنى توسۇشىمۇ بىزنىڭ سودا ئەخلاقىمىزغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەس.

ئالايلۇق، بىر كارخانىچى ئۆزىگە خاس يېڭى بىر مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىپ بازارغا سالسا ۋە بازىرىنى يۈرۈشتۈرۈۋاتقان بولسا يەنە بىر كارخانا ئۇنى قوللاش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە شۇ كارخانا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنى ئەينەن دورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ، ئۆز ئالدىغا يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى ياكى ھەمكارلىشىشنى خالىمايدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى كارخانا يېرىم يولدا ھالسىراپ قالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىجارەتتە ئىلمىي تىجارەت ئۇسۇلى، توغرا يول، مىللەت روھى، مىللىي مەدەنىيەت روھى بولىدۇ. فىرانسىيەلىك مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسى دىيانىنا (Dianna): «مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچ ئامىل — ئىرق (مىللەت)، شارائىت، دەۋر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» [8] دەپ قارايدۇ. مىللىي مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە خاسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىلىق مەدەنىيەتشۇناس لۇيىس بېنىك: «بىر خىل مەدەنىيەت بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئۇ شۇ ئادەمنىڭ ھەر خىل ئىدىيەسى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى.» [9] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يادروسى شۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاق مىللىي روھىدا ئىپادىلىنىدۇ.

مىللىي روھ — مىللەتنىڭ جېنى. ئۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان دۇنيا قاراش ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، تۇرمۇش شارائىتى، بولۇپمۇ مىللىي مەدەنىيەت روھىنىڭ ئوخشىماسلىقى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيە، ئاڭ، ھېسسىيات، پسىخىكا جەھەتتىكى پەرقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مىللىي روھ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جان تومۇرى. ئۇ مىللەتنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئەگەر مىللەتتە مۇقىم بولغان مىللىي روھ ۋە تارىخىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بولمىسا ئۇنداقتا مىللىي مەدەنىيەتتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت — بىر مىللەتنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى تارىخىي جەريانىدا داۋاملىشىپ مۇكەممەللەشكەن، مۇقىم خاسلىققا ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئۇقۇمى بولۇپ، تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئەخلاق، ھېسسىيات، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، تىل-يېزىق ھەمدە ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر مىللەتتە مۇقىم بولغان مىللىي روھ ۋە تارىخىي خاسلىققا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا مىللىي مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. ئالايلۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش، كىشىنىڭ قىممىتىنى

ئەخلاق رامكىسى ئىچىدە ئۆلچەش، ئاتا - ئانا بالا مۇناسى-
ۋىتى، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ، ئەر - ئايال مۇنا-
سىۋىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەخلاق مۇنا-
سىۋىتىدە ئۆلچىنىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كوللېك-
تىۋىزملىق ئېڭىنىڭ كۈچلۈك، شەخس ئېڭىنىڭ ئاجىز بولۇ-
شىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، غەربلىكلەرنىڭ خاسلىقنى
تەكىتلەش، شەخسنىڭ مۇستەقىللىق ئەركىنلىكىنى قوغداشتىن
ئىبارەت مەدەنىيەت خاسلىقىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ.

مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىكى،
بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغانلىقىدا، بىر پۈتۈنلۈك — ئۆزلەش-
تۈرۈش، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئەسلىدىنلا بار بولغان
مەدەنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىنغان مەدەنىيەتنى بىر پۈتۈن-
لۈككە، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.
مىللىي مەدەنىيەت باشقا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەتنى چەتكە
قاقىدىغان ياكى باشقا مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىدى-
غان مەدەنىيەت بولماستىن، ئەكسىچە باشقا ئىلغار مەدەنىيەت-
نى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئاساسىدا تېخىمۇ
مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان جەريان. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ
خاسلىققا ئىگە بولۇشى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈن-
لۈككە ئىگە بولۇشى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئال-
دىنقى شەرتى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە
بولۇشى مەلۇم جەريانىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئالدى
بىلەن مەدەنىيەت توقۇنۇشى يۈز بېرىدۇ. مەدەنىيەت توقۇ-
نۇشى ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسى-
دىكى زىددىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشى.

مول ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مىللىي مەدەنىيەتنىڭ
شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى قانچە مۇقىم ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە
بولغان بولسا، سىرتقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتا،
زىددىيەت شۇنچە روشەن بولىدۇ. رەت قىلىش، چەتكە قې-
قىشمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر سىرتقى مەدەنىيەت
ئىلغارلىققا ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە كېرەكلىك
بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مەدەنىيەتتىكى بىر پۈتۈنلۈك مۇ-
قەررەر يۈز بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپى-
دىكى كىشىلەر تونۇشۇپ ياشاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ مەدە-
نىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاسانلا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قوبۇل
قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئاستا - ئاستا بىر پۈتۈنلۈك-
كە ئىگە بولغان بىر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى شەكىللىنىدۇ.

مەدەنىيەتكە ماسلىشىش ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ
ئۆزئارا مۇددەتلىك ئۇچرىشىشى، مۇناسىۋەت ئورنىتىشى،
تەگىشىش ۋە ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش
جەريانى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى 2 - بىر مىللەتنىڭ مەدە-
نىيەت سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسەتكەندە، چوقۇم قوبۇل
قىلغۇچى تەرەپ ئۇنى «سۈزۈش» جەريانى ئارقىلىق ئۆز
مەدەنىيىتىگە ئايلاندۇرۇش، ئەينەن قوبۇل قىلىشتىن ساقلى-
نىش زۆرۈر. مانا بۇ مىللىي مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنىڭ
يولى. مەسىلەن: دۆلىتىمىزنىڭ كۇڭزى مەدەنىيىتى ياپونىيە-
گە كىرگەندىن كېيىن، كۇڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ يادرولۇق ئى-
دىيەسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان. دۆلىتىمىز كۇڭزى مە-
دەنىيىتى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى يەرلىك مەن-
سەپدارلار سىنىپىنىڭ ئەخلاق قارىشى بولۇپ، يادرولۇق ئى-
دىيەسى «مېھرىبانلىق»، ياپونىيەنىڭ كۇڭزى تەلىماتى سا-
مورايلار سىنىپىنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى بولۇپ، يادرولۇق
ئىدىيەسى «ساداقەتلىك». دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ كۇڭزى
مەدەنىيىتى ياپونىيەگە تارقالغاندىن كېيىن، ئۇ ياپونىيە ئەن-
ئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان
بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى كۇڭزى مە-
دەنىيىتىنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس. ئەكسىچە ياپو-
نىيەنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتىگە ئۆزلەشتۈرۈلگەن. يەرلىك مە-
دەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بولغان ياپونىيە مەدەنىيەت سىستې-
مىسىغا تەۋە بولغان كۇڭزى مەدەنىيىتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ-
كى، بىر پۈتۈنلۈك ۋە مىللىي روھ كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ
جان تومۇرى ۋە يادروسى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر كارخا-
نىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان
قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى.

ئۇنداقتا كارخانىلىرىمىز قانداق قىلغاندا زامانغا لايىق-
لاشقان، خاسلىققا، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان، سىستېمى-
لاشقان كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلالايدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن
ھەرقانداق بىر كارخانىچى ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ
سودا ئەنئەنىسىنى چۈشىنىش بىلەن بىللە يەنە سودا ئىلمىنى
چۈشىنىشى، ئۆز مەھسۇلاتى ۋە ئىستېمال ئوبيېكتىنى چۈشە-
نىشى، رىقابەتنى چۈشىنىشى، بولۇپمۇ كارخانا تەرەققىياتىغا
زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىچكى - تاشقى شارائىتنى چۈشە

نىش بىلەن بىللە يەنە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە كارخانىلارنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش.**

ھەممىمىزگە مەلۇم، مەدەنىيەت گەرچە رايون خاراكتېرلىك ئىجادىيەت بولسىمۇ، لېكىن مۇقىم پايدىلىنىش ئاساسىدا ياخشى ياكى يامان تەرەپلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا رايون خاراكتېرلىك كارخانىلار قېلىپلىشىپ قالغان، رېئاللىققا ماسلاشمايدىغان مەدەنىيەت چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، تەرەققىي قىلغان كارخانىلار شەكىللەندۈرگەن بىزگە كېرەكلىك بولغان ئىلغار سودا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر كارخانا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار سودا مەدەنىيىتىنى چۈشەنمىسە رايون ھالقىشى ۋە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلىشى ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم كارخانىلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىش، شۇنداقلا ئىلغار، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىراق نۆۋەتتىكى بازار شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، بىزنى سودا مەدەنىيىتى ئۈستىدە قايتا ئويلاندۇردى. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا مەدەنىيىتى ئۇلار ياشىغان بۇ تۇپراقتا شەكىللەنگەن ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، لېكىن ئۆزگىرىۋاتقان بازار شارائىتىغا يۈزلىنىشتە بىر قىسىم كارخانىچىلىرىمىز يەنىلا پۈتۈنلەي نىشانسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشتا كارخانىچىلىرىمىز ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىش ئارقىلىق رىقابەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**2. ئوخشاش كەسىپتىكى رىقابەتچىسىنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش**

تىجارەت مەدەنىيىتى رىقابەت خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك كارخانىلارنىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بىر كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى نۇرغۇن رىقابەتچىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش جەريانى. كارخانىلارنىڭ رىقابەت خاراكتېرى ئۆز رىقابەتچىسىدىكى ياخشى - يامانىنى ئايرىش ۋە رىقابەتچىسىنىڭ ئىلغار تەرىپىنى قوبۇل قىلىش تەرىپىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بىر خىل مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا رىقابەتچىسىنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئىنتايىن زۆرۈر، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، ياپونىيەنىڭ «تويوتا» ماركىلىق ئاپتوموبىلى ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ياراتقان. ئەسلىدە ئاپتوموبىل گېرمانىيەدە بارلىققا كېلىپ، ئامېرىكىدا ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن «تويوتا» شىركىتى بۇ ئىككى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى خۇلاسىلەپ نەپىس، كۆركەم، ئازادە بولغان «تويوتا» ماركىلىق ئاپتوموبىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلەندۈردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كارخانىلار ئۆزىنىڭ تىجارەت مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا رىقابەتچىسىنىڭ تىجارەت تاكتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

**3. ئىستېمالچىلارنىڭ گۇمانتارلىق يەنى ئىنسانىي قىزىقىشىنى چۈشىنىش تىجارەتتىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ.**

كارخانىلارنىڭ خىزمىتىگە ئەڭ ئاخىرىدا باھا بېرىدىغىنى يەنىلا ئىستېمالچىلاردۇر. ئىستېمالچىلار ئېتىراپ قىلمىسا كارخانىلارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەرگە سالغان مەبلىغىنىڭ ھەممىسى بىكار كېتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىستېمالچىلار بىلەن كارخانىچىلار ئۆزئارا ئالاقە مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ئالاقە جەريانىدا ئىككى تەرەپ تاۋار ۋە مۇلازىمەت ئۇچۇرلىرىنى چۈشىنىشتە تەڭپۇڭ يەنى باراۋەر بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، كارخانا ئىگىلىرىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى، قىزىقىشى قاتارلىقلارنى چۈشەنمىگەنلىكى يەنى كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر كارخانا ئىگىلىرى ئىستېمالچىلارغا يۇكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلسە ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرسا ئۇنداقتا ئىستېمالچىلارنىڭ قەلبىدە شۇ كارخانىغا نىسبەتەن بىر خىل يېقىنلىق ۋە ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. ئالايلۇق «كوكاكولا» ئەمدىلا بازارغا كىرگەندە كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن 1928 - يىلى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا مەخسۇس سېتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، كىشىلەرگە خۇشاللىق ۋە كۆڭۈلمەسرەش تۇيغۇسى بەخش ئېتىشتىن ئىبارەت چۈشەنچە قۇرۇلۇ

شنى بەرپا قىلغان. كېيىن بىر ئەۋلاد ياش ئىستېمالچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ياشلارنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشىنى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش خاھىشچانلىقىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپ «كوكاكولا» ئۆزىنىڭ تىجارەت مەدەنىيەت ئۇقۇمىنى كۆڭۈل ئېچىش ئۇقۇمىغا ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن «كوكاكولا» بىر خىل ئىچىملىك ئەمەس بەلكى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش كەسپى دەپ قارالغان، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «كوكاكولا»نىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى مەھسۇلاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى بولماستىن بەلكى تىجارەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى. دېمەك، ھەرقانچە ياخشى مەھسۇلات بولسىمۇ، لېكىن ئىستېمالچىلارنىڭ گۇمانتارلىق يەنى ئىنسانىي قىزىقىشىنى چۈشىنىش توغرا بولمىسا بازارلارنى كەڭكۈزۈپ قويىمىز، رىقابەتتە مەغلۇپ بولىمىز.

خۇلاسىلىگەندە، ھەرقانداق بىر كارخانا رىقابەتتە ئۇزۇپ چىقماقچى بولىدىكەن، دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىدە بار بولغان ئىلغار مەدەنىيەت بولۇپمۇ سودا ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، باشقا كارخانىلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىستېمالچىلارنى، بازارنى چۈشىنىش، شۇ ئاساستا ئۆزىگە خاس بولغان تىجارەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

[1] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2009 - يىلى 10 - دېكابىر سانى.

[2] «ئامېرىكا مۇناسىۋەت» 2007 - يىلى، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

[3] «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 2009 - يىلى 10 - دېكابىر سانى.

[4]، [5] «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى» 342 - ، 384 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

[6] «مۇسەنىيە روھى — تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش» ئىبراھىم ئالىپ تېكىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى 1 - بەت.

[7] ئەزىزى «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى سودا مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ سودا سانائىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىلى 12 - سان.

[8]، [9] «ئىلان مەدەنىيىتى» 204 - بەت، جوڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىلى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى)

## جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى



ياقۇپ كېرەم

# بورانلىق كېچە

(ھېكايە)

ئەتىيازنىڭ قۇرغاق، سىرىقتال كۈنلىرى ئۆتمەكتە …

باشقا كۈنلەرگە ئوخشاش تەڭرىنىڭ شاپائىتى ۋە ھەممە-تى بىلەن ئەتىگەندە ئوتقاشتەك ۋالىلداپ كۈن چىقتى. ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك، شۇ قەدەر ئوچۇق ئىدى، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا بالدۇرراق تۇتۇش قىلغان دېھقانلارنىڭ ئانچە-مۇنچە ۋاڭ - چۇڭلىرىنى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرىنى، قوي-لارنىڭ مەرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتكۈل مەھەللە، پۈتكۈل جاھان ئاۋۋالقىدەك خاتىرجەم كەيپىياتتا يېڭى كۈننى كۈتۈۋالماقتا ئىدى. ئەمما كۈن غەربكە قىيسايغاندا،بەلكىم تە-بىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇ بولسا كېرەك، ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇ-لۇپ، تىپتىنچ مەھەللىنىڭ ئارامىنى بۇزدى.

باشتا ئېغىل - قوتاندىن چىقىرىلغان قىغ - تېزەكنىڭ قاڭسىق ھىدىنى ھەممە ياققا تارقىتىپ پۇرقىراپ شامال چىقتى. شامال بىلەن تەڭ جىن - ئالۋاستىدەك پەيدا بولغان قۇيۇنتاز لەڭگە-لاۋا، قۇرۇغان ئوت - چۆپلەرنى ئۇسسۇلغا سېلىپ مەھەللە كوچىلىرىنى نەچچە رەت ئايلىنىپ چىقتى. مە-ھەللىنىڭ كۆپكۆك بىپايان ئاسمىنى بىردىنلا سارغۇچ رەڭگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ سۈزۈك رەڭگىنى يوقىتىشقا باشلىدى. كۆكتە پارلاپ تۇرغان قۇياشنىڭ يورۇق، ئۆتكۈر نۇرلىرى قويۇق تۇماننى تېشىپ ئۆتەلمەي بارا - بارا خىرەلەشمەكتە ئىدى. شامال تىنىمسىز قۇتراپ، بارا - بارا كۈچىيىپ، ئاللە-

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

قانداق بىر ئاپەتنىڭ بېشارىتىنى بېرىشكە باشلىدى. دەرۋەقە، چۆل ۋە سايلاردىن داۋان ئېشىپ كەلگەن ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلى ئۆزىنىڭ سۇر - ھەيۋىسىنى، قۇدرەت - كارامە-تىنى ئادەملەرگە كۆرسىتىپ قويۇشقا نىيەت قىلغاندەك بىر ئۆ-رۈلۈپلا قارا بورانغا ئۆزگەردى. ھاۋانىڭ ئەلپازىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل ساراسى-مە، قورقۇنچ چۈشتى. ئېتىز - ئېرىق، باغۋاراڭدا ئىشلەۋاتقان كىشلەر ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيلىرىگە يېتىپ بېرىپ ئىشك - دېرىزىسىنى ھىم تاقاپ، ئېغىل - قوتاننى باشقىدىن بىر قۇر پۇختىلاپ بوراننىڭ توختىشىنى كۈتۈشتى. ئەمما ئۇلار سىرت-تىكى دەممۇدەم ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان گۈلدۈر - غاراس، تاراق - تۇرۇق ئاۋازلاردىن بوراننىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتى-ۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇلار بۇنداق بورانلىق كۈنلەر-نى تالاي قېتىملاپ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ئېھتىيات قىلمىسا ، ئۆي - ۋاقلىرىغا، ئېغىل - قوتاندىكى قوي - كاللى-رىغا ھېزى بولۇپ، يوشۇرۇن خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى.

نىھايەت، كوھقاپنىڭ ئېغىزى پەقەت مۇشۇ مەھەللىگىلا قارىتىپ ئېچىۋېتىلگەندەك، كىشلەر ئەس - ھوشىنى تېپىپ بولغىچە ھەممە يەر كۈچلۈك بوراننىڭ ئىچىدە قالدى. بوران مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدىكى لاۋا - لاتقىنى، پاخال - چاۋارنى، شاخ - شۇمبىنى بۇلاپ - تالاپ، كونا ئىشك - دېرىزىلەرنى جالاقلىتىپ، تۇڭلۇك - دېرىزىلەرنىڭ ئوچۇق قالغان تۆشۈكىدىن ئۆزى ئۇچۇرۇپ كەلگەن

ئاچچىق قۇم توپىنى پۇركۈشكە باشلىدى .بۇ چاغدا كۈننىڭ ئاسماننىڭ قاي بوشلۇقىدا، قاي بۇرجىكىدە غەرب تامان سىلجىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمەيتتى. دەرۋەقە كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئاسمان قەھرىدە قاينام ياساۋاتقان توپا-تۇماننىڭ باغرىنى يېرىپ ئۆتۈشكە قادىر بولالمايتتى. بۇ ھال كىشىگە ئاسمان بىلەن زېمىن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، بىر ئەسەبىي كۈچنىڭ تەسىرىدە توختاۋسىز قاينام ياساۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى.

مۇشۇ پەيتتە، بوران مەھەللىدىكى بىر جۈپ ياش ئەر-ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە، دېرىزىسى تۈۋىدە، ئۇلارنى قاتتىق تەشۋىش ۋە ساراسىمىگە سېلىپ گۈركىرەيتتى، غەزەپلەنگەن شىردەك ھۆركىرەيتتى، جىن-ئالۋاستىدەك چىرقىرايتتى....

بوران چىققان كۈنلەردە ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىلمايتتى. ئەر-ئايال ئىككەيلەنلا ئوچاققا ئوت يېقىپ كۈتۈلمىگەن بىرەر بالا-قازانىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار بورانلىق كۈندە ئوچاققا ئوت يېقىشنى بەك خەتەرلىك ھېسابلايتتى. سەھرا دېگەندە مەڭگەن-سامان، قۇرۇق قاھشال، شاخ-شۇمبا ھەممە ئائىلىنىڭ ئۆگزىسىدە، ھويلىسىدا، ئېغىل-قوتىنىدا دۆۋىلەكلىك تۇرۇۋېرەتتى، شۇڭا تۇرخۇن ئارقىلىق سىرتقا پۇرقۇپ چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرىنىڭ لەڭگە-لاۋاغا ئوت تۇتاشتۇرمايدىغانلىقىغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايتتى. مەھەللىدە بىر نەچچە قېتىم مۇشۇنداق بوران چىققان كۈندە تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياققان بىر نەچچە ئائىلىلىكنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەنىدى، تۇرخۇندىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى رەھىمسىز، يۇگەنسىز ئاشۇ ئوت-مال-ۋاراننىڭ قىشلىق ئوزۇقى ئۈچۈن يىغىپ قويۇلغان ئۆگزىدىكى يانتاققا تۇتۇشۇپ، ئاقىۋەتتە ئۆمۈر بويى يېمەي-كىيمەي يىغقان تەئەللۇقاتىنىڭ بارىنى كۆيدۈرۈپ، شۇ ئائىلىنى ئېيتقۇسىز دەرد-ھەسرەتكە قويغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى. شۇ چاغدا بۇ بالايىئاپەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تالاپەتكە ئۇچرىغان ئاشۇ بىچارە كىشىلەرنىڭ ئەلەملىك ياشلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئىچى سىيرىلگەن، ۋۇجۇدىغا ئاچچىق بىر ۋەھىمە، قورقۇنچ چۈشكەنىدى. باشقىلارنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئۆي-ۋاقلىرى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن ھېلىھەم كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ئاشۇ رەھىمسىز ئوت ئاپىتىنى ئويلىسىلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ، تەشۋىشتىن ئولتۇرالماي قالاتتى. شۇڭا ئۇلار سىرتتا ئازراق شامالنىڭ شەپىسىنى سەزسىلا ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ۋاھ دەپ كەتكۈدەك ئۆي سەرەمجانلىرى، تۈنىكە-ساندۇقلارغا تىقىپ، يوتقان-ياستۇقلارغا تىكىپ ساقلاۋاتقان پۇل-پۇچەكلىرى، زىبۇ-زىننەتلىرى، ماختانغۇدەك قىممەت باھالىق زىلچە-گىلەملىرى بولمىسىمۇ پەخەس بولماي، يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالماي بولمايتتى. جىق روزىغارى بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ دېگەن ئۇلارنىڭ مىڭبىر مۇشكۈلاتتا بىنا قىلغان، تالاي ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قۇرۇپ چىققان ئۆيىدە. كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ياشاش ئۈچۈن ھەممە ئادەمگە ئۆي بولمىسا بولمايدۇ، ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، يەنە كېلىپ ئەر-ئايال ئىككىيلەن بۇ ئۆينى ئۆرە قىلغۇچە قانچىلىك جاپا-مۇشەققەت، رەنج-رىيازەت تارتقانلىقىنى بىر خۇدا، بىر ئۆزلىرى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق چاغدا ئېھتىيات قىلمىسا، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئەنجەنلاپ تۇرمىسا، بولۇپمۇ بورانلىق كۈنلەردە ئالاھىدە ھوشيار بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى بالدۇرلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

ھەر يىلى ئەتىياز كەلگىلىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەردە، بوران بۇ يەرنى، مۇشۇ مەھەللىنى يوقلاپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك، رەھىمسىز تىرناقلىرى بىلەن مەھەللىنى بىر قۇر تالاپ، كۈچ-قۇدرىتى يەتكەنلىكى نەرسىنى سۇر-توقاي قىلىۋەتمىسە خۇمارىدىن چىقمايتتى. كىشىلەرمۇ تەبىئەتنىڭ بۇ رەھىمسىز سىناق-ئىمتىھانلىرىغا كۆنۈك ئىدى، كۆنمەيمۇ ئامال يوق، بۇ يەردە ئىككى كۈن ئاپتاپ چىقسا، بىر كۈن بوران چىقىدۇ، ئايلاپ يامغۇر ياغماي، پاتمانلاپ توپا ياغىدۇ، تەبىئەتنىڭ بۇ سىرلىق قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

كەچ كىردى، بەلكىم كەچ كىرگەندۇ. بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلماق تەس، دېرىزە-تۈڭلۈكتىن ھېچبىر يورۇقلۇقنىڭ نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ۋاقىت كۈندۈزدىن كەچكە ئۆتكەن بولسىمۇ، بوران توختاي دېمەيتتى، بۇنداق قاتتىق بوراننىڭ دەماللىققا توختىشىدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. بوراننىڭ ھۇشقۇيتقان، گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى ئۆي ئىچىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەرەخ شاخلىرى سۇنغاندەك، ئېغىل-قوتان تاملىرى ئۆرۈلگەندەك ئاۋاز چىققاندا ئەر بىلەن ئايالنىڭ يۈ-

رەكلىرى قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەنسىرەش ئىچىدە داۋالغۇيت-
تى. بىر - بىرىگە ئەندىكىپ قارىشاتتى. ئۇلار بوراننىڭ دەھ-
شىتىدىن ئەمەس، بەلكى مۇشۇنداق بورانلىق كۈندە ئېغىلدى-
كى موزايلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئىنەكنىڭ موزايلاپ قويۇ-
شىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. شۇڭا نەچچە كۈندىن بۇيان ئەر-
ئايال ئىككەيلەننىڭ كۆزى، قۇلىقى، ئەس - يادى مۇشۇ
ئىشتىلا قالدى، بىرى قويسا بىرى ئېغىلغا كىرىپ ئىنەككە
قاراپ باقاتتى، ئىنەكنىڭ پۇشۇلدىشىنى، ئىنجىقلىشىنى كۆزد-
ەتتى، ئىنەكنىڭ ھەلەپ يېيىشىنى، ئېغىر مېڭىشىنى مارايتتى،
ئىنەك خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغان ساڭقام ئېشەككە
ئوخشاپ قالغاندەك قىلاتتى. ئىنەككە ھەلەپ بېرىپ، بوغۇز
بېرىپ، ئىنەكنى ئوبدان بېقىشقا تىرىشىۋاتاتتى. ئىنەك ئۇلارغا
ئالتۇن - كۈمۈش تۇغۇپ بېرەلمىسىمۇ، بۇ ئائىلىگە ساق-
سالامەت بىر موزاي تۇغۇپ بېرىشىنى خۇدادىن تىلەپ كېلىۋا-
تاتتى. ناۋادا ئىنەك مۇشۇنداق سوغۇق، بورانلىق كۈندە
تۇغۇپ قويسا، يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ سوغۇققا بەرداشلىق
بېرەلمەي، كېسەل بولۇشىغا ياكى ئۆلۈپ كېتىشىگە بىر
نەرسە دەپ بولغىلى بولمايتتى. ناۋادا شۇنداق بولسا موزاينى
ئەي قىلىش تەسكە توختايتتى. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇزاقتىن
بۇيان كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەن ئارزۇ - ئۈمىدى،
تىلەك - ئىلتىجاسى يوققا چىقاتتى. ئەر - ئايال ئىككەيلەن
ئىنەك موزايلىسا ،كېلەر يىلى موزاينى سويۇپ ئوغلىنىڭ خەتنە
تويىنى ئۆتكۈزۈشنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويۇشقانىدى.
شۇڭا ئىنەكنى ساق - سالامەت تۇغدۇرۇشقا، تۇغۇلغان مو-
زاينى ئاۋايلاپ بېقىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرۇۋاتاتتى. ئىنەك
ۋە ئۇنىڭ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان موزىيى ئۇلارغا چەكسىز
بەخت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغاندەك ھېس - تۇيغۇغا
چۆمۈشەتتى.

ئايال چاقچاق ۋە زېرەك ئىدى. ئۇ كۈندۈزدە بوراننىڭ
شەپىسىنى سېزىپلا ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتكەنىدى. ئەر
ئوتنى ئۆچكەن ئوچاقنىڭ ئالدىدا، لاخشىگىر بىلەن تېخى ئىس-
سىقى كەتمىگەن كۈلنى چۇقچىلاپ ئولتۇراتتى. ئەتىيازنىڭ
سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقى تېخى كەتمىگەچكە، يەنە
كېلىپ سىرتتا بوران چىقىۋاتقاچقا ئۆي ئىچى بارغانسېرى
مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. بوران سەۋەبىدىن توك توختىغاچقا،
كاڭدىكى ئەپچىل شىرە ئۈستىدىكى دۈم كۆمتۈرۈلگەن پىيا-
لىگە تىكلەپ يېقىپ قويۇلغان شام ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇ-
تۇپ تۇراتتى. پىلىلداپ يېنىۋاتقان شام يالقۇنىدىن چىقىۋاتقان
سېسىق ئىس يىلاندەك تولغىنىپ، ئاستا - ئاستا ئۈستىگە
ئۆرلەپ ۋە يېيىلىپ ، ئۆيدىكى توپا ھىدى بىلەن بىرلىشىپ،
ئۆي ئىچىنى دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىقپۇراقا تولدۇر-
دى. ئايالنىڭ دىمى سىقىلىپ ، نەچچە قېتىم قېقىلىپ يۆتىلىپ
كەتتى. ئەر ئايالغا ئىچ ئاغرىتقاندەك لەيىدە بىر قاراپ
قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.
ئەر ئايالنىڭ بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بى-
لەتتى. ئايالنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان تەن سالامەتلىكى
تازا ياخشى بولماي قېلىۋاتاتتى. ئايال يېزا شىپاخانىسىدىن
ئېلىپ كەلگەن بىر نەچچە قاپ دورىنى ئىچكىنىدىن بۆلەك،
باشقا سەۋەب قىلالمىدى. ناھىيەگە بېرىپ كېسەل كۆرسىتىش-
كە پۇل بولمىسا بولمايتتى. ئۇلارنىڭ نەدىمۇ بۇنچە كۆپ
پۇلى بولسۇن؟ مۇشۇ ئىش ئەرنىڭ يۈرەك باغرىنى قاتتىق
ئازابلايتتى. ئايالنى چوڭراق دوختۇرخانىغا كۆرسەتمىگەن-
گە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ئەر «ئىنەكنى سېتىۋېتىپ
دوختۇرغا كۆرۈنەيلى» دېسە ، ئايالى «خۇدايىم بۇيرۇسا كې-
سىلىم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئىنەكنى موزايلىتىپ ئوغلۇمنىڭ
خەتنە مەرىكىسىنى قىلىش ئەڭ مۇھىم» دەپ زادىلا ئۇنىما-
دى. ئەر تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بۇ
سوغىسىغا قاتىراپ ھال ئېيتتى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جە-
ھەتتە قىيىنچىلىقتا قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئەمما دوختۇرغا
كۆرۈنگۈدەك پۇل غەملىيەلمىدى. ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ
تۇرمۇش غېمى بىلەن پايپېتەك بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە،
ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئەر
ئاڭلىدى، كۆردى، سەزدى، ئەتراپىدىكى ئاشۇ ئادەملەرمۇ
خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش غۇربەتچىلىك دەستىدىن ھاياتنىڭ
ئۆزلىرىنى قايسى تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي،
تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتاتتى. بىر غەمدىن قۇ-
تۇلۇپ، ئۇھ دەپ بولغۇچە يەنە بىر غەم رودىپايدەك چاپلى-
شىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايتتى. تىنىم تاپماي ئىش-
لىسىمۇ كۆڭلى ئاۋۇنغۇدەك تۇرمۇشقا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتات-
تى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۆتكەن كۈنلىرىگە
شۈكۈر - قانائەت قىلدى، چىدام - غەيرەت بىلەن ياشاپ كې-
لىۋەردى. تەقدىرىدىن ئاغرىنىپ، ۋايساپ يۈرمىدى. ئۈمىد-
سىزلىنىپ پەرياد چەكمىدى. بۇ دۇنيادىن ئالىدىغان رىزىق-
نېسىۋىسى ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ياشاش قىزغىنلىقى،

هاياتقا بولغان مۇھەببەت - ئىشەنچىسى زادىلا سۇسلاپ قال-
مىدى . شۇنداق، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئېتىقاد ، ۋاپا - سادا-
قەت، ئىشەنچ - ئىرادە ، سۆيگۈ - مۇھەببەت بولسىلا ، هايات
يولى قانچە ئېگىز - پەس، تۇرمۇش كەچۈرۈش قانچە جاپا-
لىق بولسىمۇ نەمەلۇم بىر ئۈمىد - ئىستەكنىڭ تۇرتكىسىدە
ياشاپ كېتىۋېرىدىكەن.

ئوچاق ئالدىدا ئىسسىقى كەتكەن كۈلنى چۇقچىلاپ
ئولتۇرغان ئەر ئېغىر- يېنىك تىنىپ ئايالىغا قارىدى . چىراغ
يورۇقى سۇس بولسىمۇ ئۇ ئايالىنىڭ كۆزىدىن ، چىرايىدىن
ئاللىقانداق غەم -ئەندىشە، ئىلاجىسىزلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى
كۆردى. شۇ هالدا ئايالى ئۇنىڭغا بىراقلا قېرىپ كەتكەندەك
كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەرنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئەر ئايالىغا بۇ-
نىڭدىن كېيىن كۈنلىرىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيت-
ماقچى بولۇپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزلەرنى نېمىشقىدۇ
ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئەر گەپ قىلمىغان بولسىمۇ ، ئايال ئېرى-
نىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئېرى «مەن سېنى
جاپادا قويدۇم، كېيىنكى كۈنلەردە سېنى راھەتكە ئېرىشتۈر-
مەي قويمايمەن» دەيتتى. ئۈمىدكە تولغان بۇ سۆزلەر
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاللىقانداق شېرىن تۇيغۇغا چۆمدۈرەتتى،
ئەتىگە بولغان تەلپۈنۈشنى كۈچەيتەتتى. شۇنداق، بۇ
سۆزلەر بۇ ئۆيدە تالاي قېتىم بولۇنغان. هەر قېتىم دېيىلگەن-
دە ئەر بىلەن ئايالنىڭ شېرىن خىياللىرى قاناتلانغان. خۇددى
ئەتىلا هەممە نېمە ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندەك هاياجانغا چۆ-
مۈشكەن. ئەمما... ئەھۋال ئۆزگەرمىدى. . . يەنە قاچانغىچە
شۇنداق كېتىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى...

كاڭدا بەش- ئالتە ياشلارغا كىرگەن بىر ئوغۇل بالا
يوتقان ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە چىقىپ
تۇرغان مەسۇمە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ
هەر بىر هەرىكىتىگە قاراپ تىپتىنچ ياتاتتى. بالىنىڭ ئۇيقۇسى
كەلگەن بولسىمۇ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى. بالا جىن - ئالۋاستىلار-
نىڭ تۇرقىنى كۆرۈپ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ،
سىرتتا هۇۋلاۋاتقان، گۈركىرەۋاتقان بوراننىڭ ئاۋازىنى جىن -
ئالۋاستىلارنىڭ ئاۋازى دەپ ئويلاپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ مەھەل-
لىدىكى تەڭتۇشلىرىدىن بوران چىقسا جىن - ئالۋاستىلار مە-
ھەللىگە كىچىك بالىلارنى ئېلىپ كەتكىلى كېلىدۇ، ئادەملەر
هەر قانچە يامان بولسىمۇ جىن - ئالۋاستىلارغا تەڭ كېلەلمەي-
دۇ دەپ ئاڭلىۋالغانىدى .بالىنىڭ ئۇيىچە مۇشۇ تاپتا جىن -
ئالۋاستىلار دادىسىنى، ئاپىسىنى ياكى ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش
ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە، دېرىزىسى تۈۋىدە
ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، هەدەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. قاچان
بوران توختىسا جىن - ئالۋاستىلارمۇ بوران بىلەن تەڭ يوقىلى-
دۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا بالىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچ
بوراننىڭ كۈچىيىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى

بالا تۇيۇقسىز ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى چۈشكۈر-
دى. قاتتىق چۈشكۈرۈشتىن بالىنىڭ بۇرنىدىن چاچراپ
چىققان ماڭقىسى ياستۇققا چاپلىشىپ قالدى. ئانا كۆردى، با-
لىنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ، يوتقان ئىچىدە تۈگۈلۈپ قالغا-
نىدى، «بالام تولاڭلاۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان ئانا
چاققانلىق بىلەن ئولتۇرغان يېرىدىن لىككىدە ئورنىدىن
تۇرۇپ، لۆڭگە بىلەن بالىنىڭ بۇرنىنى ۋە ياستۇقتىكى ماڭقىنى
ئېرتتى هەمدە بالىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت يوتقان ياپتى.

ئايالى بىلەن بالىسىنىڭ ئىش - هەرىكەتلىرىگە ئاستىرت-
تىن زەن سېلىپ ئولتۇرغان ئەر قوللىرىنى بىر - بىرىگە چىڭ
كىرىشتۈرۈپ، كۆڭلىدىكى ئەندىكىشنى يوشۇرالمىدى:

— ئەجەب كۈنلەر بولۇۋاتىدۇ، دېسە، نەچچە كۈندە
بىر بوران چىقىپ يا ئىش قىلغىلى قويمىغان. توكنى توختىت-
ۋالغىنىچۇ، تېخى بۇ گۆيلارنىڭ...

— بىزلا ئەمەسقۇ قاراڭغۇدا قالغان ، مەھەللىدە هەممە
ئادەم شۇنداق...— ئايال ئېرىگە تەسەللى بېرىپ شۇنداق
دېدى.

— ئۇغۇ شۇ،— دېدى ئەر ئېغىر ئۇھسىنىپ،— دادام-
ئاپاملار قانداق تۇرۇۋاتىدىكىن؟ ئۇلاردىن ئەنسىرەپ
قالدىم.

— خۇدايىم ساقلار، بوران توختىسا ئاۋۋال ئۇلارنى
كۆرۈپ كەل، مەن ئىنەككە قاراپ تۇراي.

— ئىنەك تۇغسا دادامغا خەۋەر بەرمىسەم بولمايدۇ، ئۇ
ئۆزى شۇنداق دېگەن،— ئەر كۆيۈۋاتقان شامغا قاراپ كۆز-
لىرىنى چىمچىقلاتتى،— دادام موزاي بېقىشقا بەك ئۇستا.

— دادامنى جاپادا قويمىساقمىكىن؟ ئۆزىمىز بېقىپ كېتە-
لەيمىز.

ئايالنىڭ سۆزىگە ئەر هېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى.
ئايالنىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرا ئىدى. يېڭى تۇغۇلغان بىر موزايىنى
بېقىپ كېتەلمەي ، دادىسىنى ياردەمگە چاقىرسا سەت ئەمەس-
مۇ؟ دادىسى ئۇلارنى دەپ كۆپ جاپا تارتتى، توي قىلىپ ئا-

يالى يەڭگەندە بالىسنى بېقىپ بەردى، ئۆي سېلىپ بەردى، ئۆي ئايرىغاندىمۇ ئۇنىڭكىنمۇ ھېچ تارتىشمايلا ئۇلارغا بېرىۋەتتى، ھەي.. ئاتا ـ ئانا دېگەن بالىسىنىڭ غېمى-نى يەپلا تۈرىدىكەن...

— ئەزىمەت نان يېدىمۇ ؟— سورىدى ئەر بىر چاغ بالىسنى ئېسىگە ئېلىپ.

— سەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە بىر پارچە نان يېدى،— دېدى ئايال ھەمدە قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە كۆز-لىرىنى چىمچىقلىتىپ، يوتقان ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتقان بالىسى-نىڭ بېشىنى سىلاپ، بالىسىدىن سوراپ باقتى،- قورسىقىڭ ئاچتىمۇ ؟ يەنە نان يەمسەن قوزام ؟

بالا بېشىنى چايقىدى.

— سۇ ئىچەمسەن؟

— ...

— زۇكام بولۇپ قالمىسلا بولاتتىغۇ،— دېدى ئەر با-لىغا قاراپ.

ئايال ئۈن چىقمىدى، ئورنىدىن ئاستا ئىرغىنىپ، ئالقىنى بىلەن بالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ خاتىرجەم بولغاندەك يېنىك بىر تىندى. ئەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ نېمىدۇ بىر ئىشنى ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك خىيالغا پاتتى. ئايال سىرتتىكى گۈلدۈر ـ غاراس ئاۋازلاردىن بالىسىنىڭ قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، بالىسىنىڭ يېنىغا قىڭغايدى. ئايال يوتقان ئۈستىدىن قولىنى ئارتىلدۇرۇپ، بالىسىنى يوتقان بىلەن تەڭلا باغرىغا باستى. ئۇ مۇشۇنداق قىلسام، بالام خا-تىرجەم ئۇخلىيالايدۇ دەپ ئويلايتتى. بالا سىرتتىكى بوراد-نىڭ گۈركىرىشىدىن، ئىشىك ـدېرىزىلەرنىڭ ھەر بىر قېتىم-لىق جالاقلىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا شۇڭغۇيتتى، ئىنتىلەتتى...

ئەتىيازنىڭ بورىنى سىرتتا— دېرىزىنىڭ تۆۋىدە، ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە توختىماي گۈركىرەيتتى، شىردەك ھۆر-كىرەيتتى، جىن ـ ئالۋاستىدەك چىقىرايتتى....

— ئۇخلا قوزام، ئەتە قوپالمايسەن ـ، دېدى ئايال بىر چاغدا كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ قورقۇنچ ئىچىدە ياتقان ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا مېھىرلىك شىۋىرلاپ،— قورقما، بوران چىقسا شۇنداق ئاۋاز چىقىدۇ، يېنىڭدا داداڭ بىلەن مەن بار.

بالا ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىنى يۇمدى، بىراق بىردەمدىن كېيىن يەنە كۆزىنى ئاچتى. دەرۋەقە بالىنىڭ ئۇيۇ-قۇسى كەلسىمۇ ئۇخلاشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇمان بار، ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا سىرتتىكى ھۆركىرەۋات-قان، چىرقىراۋاتقان جىن ـ ئالۋاستىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى ياكى ئۆزىنى بۇلاپ ئېلىپ كېتىدىغان-دەك تۇيغۇغا چۆمۈۋاتاتتى. ئۇ ئالۋاستىنىڭ ھەر قانداق نەر-سىگە ئايلىنالايدىغانلىقىنى بوۋىسىدىن ئاڭلىۋالغان، كىم بىل-دۇ ، ئالۋاستى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى ساقلاۋاتامدۇ تېخى؟ بالا كۆزىنى دەم ئېچىپ، دەم يۇمۇپ ئۇخلىماسلىققا تىرىشىۋا-تاتتى . ئانا بالىسىنىڭ ھازىرچە ئۇخلىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئالللىقانداق تەشۋىشكە چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ بالىسىغا ئۇخلاش ھەققىدە قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

ئەر بىلەن ئايال دېيىشىدىغان ھېچقانداق گەپ ـ سۆز قالمىغاندەك بىر ھازاغىچە جىمىپ كېتىشتى. ئۆي ئىچىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنى ئوخشاش ئىدى، يەنى ئىنەك بۈگۈن كەچ تۇغۇپ قويمىسا-دى، دېگەن بىر ئوي ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەندىشىگە سېلىپ تۇ-راتتى. ناۋادا ئىنەك بۈگۈن كەچ تۇغۇپ قويسا، ئۇلارغا ئاۋارى-چىلىك كۆپ ئىدى، موزاينىڭ توڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلار موزاينى ئۆيگە ئەكىرىشى، ئوچاققا ئوت يېقىشى كېرەك ئىدى، مۇشۇ قاتتىق بوراندا موزاينى ئەمدۈرۈشمۇ تەسكە توختايتتى.

ئەرنىڭ ئىسمى ھوشۇر، ئايالنىڭ ئىسمى چىننىتاشخار ئىدى. ئەر بىلەن ئايالنىڭ يېشى ئەمدىلا 30دىن ئاشقان بول-سىمۇ، ئۇلارنى كۆرگەن ئادەمگە 40 نەچچە ياشلىق ئەر ـ ئا-يالدەك تەسرات بېرەتتى. جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۇلارنىڭ چىرايى، مىجەز خۇلقى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي يېشى-دىن كۆپ ھالقىپ كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ بۇ خىلۋەت سەھرا-دىكى كىشىلەرنىڭ ياش قۇرامىنى ئۇلارنىڭ خۇلق مىجەزىگە، چىراي ئىسكەتىگە قاراپ پەرەز قىلغىلى بولمايتتى. ئېتىز ـ ئې-رىقنىڭ، چارۋا ـ مالنىڭ تۈگىمەس، قاتلاڭ ئىشلىرى سەۋەب-لىك يىللار ئۇلارنىڭ بېشىغا ماس بولمىغان چىراي تۇرقىنى، مىجەز-خاراكتېرنى بالدۇرلا بېرىۋەتكەنىدى. ئەمما ئۇلار بۇنداق ئىشلارنى ـ ئۆزلىرىگە ماس كەلمىگەن بۇنداق تۇرۇق ـ ھالەتلىرنى بايقاشقا ، ئويلاشقا چولىسى تەگمەيتتى. بىر كۈن ئۆتسە ، بىر كۈنلۈك نېسىۋىسىنى يەپ كېلىۋاتاتتى. چىننىتاشخان نىكاھ ـ تۇرمۇش ئىشىدا پېشانىسىنىڭ ئوڭ كەل-گەنلىكىدىن، ھوشۇردەك ياخشى ئەرگە تېگىۋالغانلىقىدىن خۇداغا مىڭلارچە تەشەككۇر ئېيتىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ سالامەتلى-

كى ياخشى بولماسلىقى سەۋەبلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى
تۈگىتىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى. دادىسى، ئىنى - سە-
ڭىللىرى ئۇنىڭ ئەتكەن ئاش - تامىقىغا قاراشلىق بولغاچقا، ئۇ
تۆت - بەش يىلنى ئۆينىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈز-
دى، سىرتلارغا چىقىپ تەڭتۇش دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ،
ئويۇن - تاماشا قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى. شۇڭلاشقىمۇ،
چىنتاشخان باشقا قىزلاردەك ياسىنىپ - تارىنىشنى ئانچە بىلىپ
كېتەلمىدى ، ناگان - ناگاندا ئويۇن - تاماشىغا ئامراق مە-
ھەللىدىكى يىگىتلەر ئېتىز - باغدا ئۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىپ مە-
نىلىك گەپ - سۆزلەرنى قىلغاندا ، ئۇ ۋىللىدە بىر قىزىرىپ ،
ئىتتىك - ئىتتىك ئۆيى تەرەپكە قېچىپ كېتەتتى ... شۇڭلاشقى-
مكىن، ئۇ بىراۋلار بىلەن ئېتىز - قىرلاردا، مەھەللە - كوي-
لاردا ئىچ - پەش تارتىشىپ باقمىدى، تاتلىق خىياللارنى
سۈرۈپ ، ئالىلىكمىلەرگە يەر تېگىدىن تەلمۈرۈپ قاراشقىمۇ
پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ قىزلىق ھېس - تۇيغۇلىرى قەلبىنىڭ
چوڭقۇر تېگىدىن بىخلىنىپ چىقىشقا زادىلا پۇرسەت بەرمىدى.
ئانىسى رەھمەتلىك قازا قىلغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنىڭ بىر
ئەرنىڭ پېشىنى تۇتمىسا بولمايدىغان چوپچوڭ قىز بولۇپ
قالغانلىقىنى سەزدى . شۇنداق قىلىپ چىنتاشخان قىزلىق لا-
تاپىتىنى نامايان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ، تۇغقانلىرىنىڭ دەۋ-
تى، تونۇشتۇرۇشى بىلەن بولغۇسى ئېرىگە مەيلى بار - يوقلۇ-
قىنىمۇ تۈزۈك ئاڭقىرىپ بولالماي ھوشۇرغا ياتلىق بولدى.
ئۇ توي بولۇپ ھوشۇر بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ،
سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ سېھرىي - قۇدرىتىنى ھېس قىلدى. قەلبى-
دە قىز چاغلىرىدا ھېس قىلالمىغان نازۇك ئىشق تۇيغۇلىرى
باش كۆتۈرۈپ ، ھوشۇرغا بارغانسېرى ئىچەكىشىپ كەتتى.
قىزلىق قەلبىنى ئوتلۇق مۇھەببەت ناخشىلىرى مەست قىلمايلا
بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان بۇ چوكان ئۆي ئىشلىرىغا
پىشقان، شۇ قەدەر سەۋر - تاقەتلىك ، چىدامچان ئىدى. ئېرى
ۋە بالىسى ئۈچۈن ھەرقانداق جاپاغا چىدايتتى...

ھوشۇر بىلەن چىنتاشخان توي قىلىپ ، بىر مەزگىل
چوڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە تۇردى. ھوشۇرنىڭ ئىنىسى
توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە، ئۇلار چوڭ ئۆيدىن ئۆي
ئايرىپ چىقتى. ئۇلار ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان بۇ ئۆينى ھوشۇر-
نىڭ دادىسى يامان كۈنلەرگە ساقلاپ قويغان پۇللىرى بىلەن،
بۇ پۇللارمۇ يېتىشمىگەندە ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئۆزنىڭ
گەدىنىگە ئۆتنە - ياغام قىلىپ مىڭ تەستە پۈتتۈرگەنىدى،
ئۆي ئايرىپ چىققاندا ھوشۇرنىڭ ئۆيدىكىلەر كونىلارنىڭ
ئادىتى بويىچە تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارغا
بىر تۇلۇق سۇ مېيى ، بىر خالتىدىن ئۇن - گۈرۈچ بەردى،
يوتقان - كۆرپە، كىگىز - پالاسلار ھۇجرا ئۆيدىن يۆتكەپ كې-
لىندى. قازان - قومۇچ، چىنە - قاچىلارنى چىنتاشخاننىڭ ئۆيە-
دىكىلەر ئەكلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇستەقىل
يېڭى تۇرمۇشى باشلاندى. بۇ ئۈچ يىلدا ھوشۇر بىر ئائىلىنى
بېقىپ كېتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ياشاش
ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئېتىزدا ئىشلىمىسە ، پۇل تېپىش
ئۈچۈن كاللا قاتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەن-
دى. ئەر - ئايال ئىككىيلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ تاپقان پۇلە-
غا بىر يىلى بىر پارچە گىلەم، كېلەر يىلى بىر تېلېۋىزور، يەنە
بىر يىلى يەنە بىر نېمە سېتىۋېلىپ ئۆيىنى چىرايلىق بولمىسىمۇ
ھەر ھالدا سەھراغا لايىق ياساپ جابدۇدى، كىرگەن ئادەم-
نىڭ مېھرى چۈشكۈدەك ئازادە، ئىللىق ئىسكەتكە كەلتۈردى.
بۇ جەرياندا ھوشۇر بىلەن چىنتاشخان تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق -
سوغۇقىنى خېلى كۆرگەن بولسىمۇ ، ھال - ئەھۋالنى ۋاي
دەپ كەتكۈدەك ياخشىلاپ كېتەلمىدى. ئەل قاتارى بولال-
سىلا شۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىپ، باشقىلاردىن ئېشىپ كېتىشنى
چۈشىدىمۇ ئويلاشقا پېتىنالمىدى . شۇڭا ئەل - مەھەللىدىك-
لەر ئېتىزىغا بۇغداي تېرىسا ئۇلارمۇ ئېتىزىغا بۇغداي تېرد-
دى، پاختا تېرىسا پاختا تېرىدى، مەھەللىدىكى ئەرلەر يىراق
جاڭگالغا ئوتۇن ئالغىلى بارسا، ھوشۇرمۇ ئوتۇن ئالغىلى
باردى. نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى دورايدىغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ
بىلمەيتتى. بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. باشقىلاردىن كېيىن
قالمىسىلا، باشقىلار قىلغاننى قىلالىسىلا ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى
تەسكىن تاپقاندەك ، ئۆزلىرىنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش
ياشاپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقاندەك بىر تۇيغۇغا چۆ-
مەتتى. تۇرمۇش شۇنداق ئوخشايدۇ. ھوشۇر ئېسىنى بىلسە،
دادىسىمۇ باشقىلارغا قاراپراق ئىش تۇتۇپ ياشاپ كەپتىكەن،
قولۇم - قوشنىلاردىن كېيىن قالمىسىلا رازى بوپتىكەن. بەلكىم
بوۋىسىمۇ ، ئۇلۇغ بوۋىسىمۇ شۇنداق ياشاپ جاھاندىن ئۆت-
كەندۇ. بىراق، شۇنداق ھارماي ئىشلەپمۇ ئۇلارنىڭ بىر نېنى
ئىككى بولمايۋاتاتتى، گاھىدا كۆرۈنمەس بىر قول ئۇلارنىڭ
بوغۇزىنى قىسىپ، پۈتنى چىرمىۋالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ
قالاتتى. ئۇلار تېلېۋىزور كۆرگەندە، تېلېۋىزوردىكى ئاجايىپ
- غارايىپ ئىش - ۋەقەلەر ئۇلارنى ھەيران قالدۇراتتى،

نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇراتتى، ئەقلى-ھوشىنى غىدىقلايتتى، ئەمما ئەشۇ ھېس قىلغانلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيتتى.

ھوشۇر ئورنىدىن تۇردى، چىنتاشخان ئېرىگە قارىدى.

— مەن چىقىپ ئىنەككە قاراپ باقاي، قانداقراق تۇرۇۋاتىدىكىن؟ - دېدى ھوشۇر، — ئىنەك بوراندا تۇغۇپ قويسا-زە، ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ.

— ئىنەككە بوغۇز بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

— بۈگۈن چۈشتە بەردىم، جىق بېرىۋەتسەكمۇ بولماس.

ھوشۇر تاختىپەندىن قول چىراغنى ئېلىپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى. چىنتاشخان ئېرىنىڭ، بالىسىنىڭ، تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ئىنەكنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەرنى ئىخلاس بىلەن شۈبىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. دەم كۆزىنى يۇمۇپ، دەم كۆزىنى ئېچىپ دەككە-دۈككىدە ئۇخلىيالمايۋاتقان بالا ئانىسىنىڭ لەۋلىرىنىڭ توختىماي مىدىرلاشلىرىغا بىر دەم قاراپ ياتتى-دە، بىلىپ-بىلمەي ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

ھوشۇر بىر ھازادىن كېيىن تالادىن قايتىپ كىردى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ سوغۇق بىر ئېقىم ئۆي ئىچىگە ئېقىپ كىرىپ، كۆيۈۋاتقان شامنىڭ يالقۇنىنى ئۇيان-بۇيان تەۋرىتىۋەتتى. چىنتاشخان ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىنىڭ ئىنەك ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتتى. ھوشۇر قول چىراغنى تاختىپەنگە قويۇپ، ئايالىغا قاراپمۇ قويماي ئوچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— تالا سوغۇقكەن، بوران قاتتىق چىقىۋاتىدۇ، — دېدى ھوشۇر ئايالى بىلەن بالىسىغا بويۇنداپ قاراپ — ئەزىمەت ئاخىرى ئۇخلاپتۇ-دە.

— ئۇيقۇسىنى ئاران تاپتى بىچارە بالام، بوراننىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتتىمىكىن؟

— يوتقاننى بالىغا چىڭ يۆگەپ قوي، ئېچىلىپ قالمىسۇن.

— ئىنەك قانداقراقكەن؟ — چىنتاشخان بالىسىنىڭ يوتقىنىنى ئوڭشىغاچ ئېرىدىن سورىدى، — تۇغىدىغاندەك قىلمامدۇ؟

ھوشۇر قولىغا كۈل چۇقچۇلغۇچنى ئېلىپ ئوچاقتىكى كۈلنى چۇقچىلاپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى:

— ياخشىكەن، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق.

— خۇدا ساقلا، — چىنتاشخان ئورنىدىن قوزغىلىپ، كاڭدىن پەسكە-ئېرىنىڭ يېنىغا چۈشتى. ئوتى ئۆچۈرۈلگەن ئوچاقنىڭ ھېچقانداق ئىسسىقى قالمىغان بولسىمۇ ئەر-ئايال ئىككىيلەن خۇددى ئوتتا ئىسسىنىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دېيىشكۇدەك ھېچقانداق گەپ يوقتەك، ھەتتا گەپ قىلىش چەكلەنگەندەك ئۆي ئىچىدە بىر خىل كۆڭۈلسىز، بۇرۇقتۇما كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ئەتە بوران توختىسا، قەرز كوپىراتىپىغا يەنە بېرىپ باقاي، — دېدى ھوشۇر بىر چاغ زۇۋانغا كېلىپ.

— تۇرسۇن خاڭجاڭ نېمە دەيدۇ؟ — سورىدى چىنتاشخان.

— ئويلىشىپ باقايلى، دېگەن، — دېدى ھوشۇر پەس ئاۋازدا، — كەنت باشلىقى قەرز بەرسە بولىدۇ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالايدۇ دەپ خەت پۈتۈپ بەرمەكچى بولغان بولمىسا.

— قولىمىزدا خەت بولسا تۇرسۇن خاڭجاڭمۇ قەرز ئېلىشىمىزغا ياق دېمەس.

— ۋاي تاڭەي... كىم بىلىدۇ بۇ گويلارنىڭ ئىچىدىكىنى.

— خاڭجاڭنىڭ ئايالىنىڭ كىر يۇيىدىغان، نان ياقىدىغان ئىشلىرى يوقمىدۇ؟ — دېدى چىنتاشخان ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— نېمە دېمەكچىسەن؟

— مەن دەيمەن، تۇرسۇن خاڭجاڭنىڭ ئايالىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرسەم، ئاندىن...

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، — دېدى ھوشۇر ئاچچىقلانغاندەك ئايالىغا ئالىيىپ، — بۇنداق ياخشى، ئاسان ئىش ساڭا تېگەمتى. قەرز ئېلىۋالسام دەپ تۇرسۇن خاڭجاڭنىڭ ئۆيىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيدىغان ئادەم ساماندەك.

— ئەمىسە قانداق...

— نېمە قانداق؟ مەن ئاڭلىدىم.

— نېمىنى؟

— توختى قارىدىن ئاڭلىسام، قەرز ئېلىش ئۈچۈن خاڭجاڭغا سوۋغات سوڭگۇتسەك ئىش ئاسان پۈتەرمىش، — دېدى ھوشۇر ئېغىر تىنىپ، — بىراق بىزدە تۇرسۇن خاڭجاڭغا بەرگۈدەك ئوغلاق يوقتە..

— توختى قارى شۇنداق دېپتىما؟ — چىنتاشخاننىڭ

كۆزلىرى چەكچەيدى.

— شۇنداق قىلغىنى راستكەن، ئۇ باشقىلاردىن تۇرسۇن
خاڭجاڭ ئوغلاق گۆشىگە ئامراق دېگىننى ئاڭلاپ، بىر
كۈنى كەچتە بىر ئوغلاقنى تۇرسۇن خاڭجاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپى-
رىپ بېرىپتىكەن ، ئەتىسى تۇرسۇن خاڭجاڭ ئۇنىڭغا قەرز
بېرىپتۇ، ئۇلۇشكۈن جۈمەدىن قايتقۇچە ئۇ ئۆزى ماڭا
شۇنداق دېدى،— هوشۇر گېپىنى دەپ بولۇپ كىملەرگىدۇ
ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندەك چىشلىرىنى كىرىشتۈ-
رۈپ، ئېغىزىدىكى تۈكۈرۈكنى زەردە بىلەن يۇتتى

— ۋاي خۇدايىمەي... بېشىنى يەيدىغان...

هوشۇر ئايالىنىڭ كىمنى تىللاۋاتقانلىقىنى تازا بىلەلمە-
دى، بەلكىم ئايالى تۇرسۇن خاڭجاڭنى تىللاۋاتقاندۇ. ئەر ـ
ئايال ئىككىيلەننىڭ تۇرسۇن خاڭجاڭغا ھەققەتەن ئۆچلۈكى
كېلىۋاتاتتى. بۇلتۇر كەنتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئامانەت
قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز ئالالىدى، بىراق هوشۇر ئالالما-
دى. تۇرسۇن خاڭجاڭ هوشۇرغا سېنىڭدىكى ئۆي ـ بىساتـ
ىنىڭ، باغ ـ ۋاران، مال ـ چارۋىنىڭ تايىنى يوق، قەرز
ئالساڭ كېلەر يىلى تۆلىيەلمەيسەن، — دەپ سەۋەب كۆر-
سەتتى. هوشۇر تۇرسۇن خاڭجاڭغا، ـ مەن سىرتلاردا
ئىشلەپ بولسىمۇ ، بۇ قەرزنى ۋاقىت ـ قەرەلىدە چوقۇم تۆ-
لەيمەن، — دەپ يالۋۇردى، ۋەدە بەردى. هوشۇرنىڭ ئۆ-
تۈنۈشلىرىگە تۇرسۇن خاڭجاڭ پەرۋا قىلمىدى ھەمدە:

— ئۇكا ، مەندىن رەنجىمە، قائىدە شۇنداق، ماڭا
ئامال يوق، هازىر پۇلنى ئېلىۋېلىپ، كېلەر يىلى پۇل قايتۇ-
رىدىغان ۋاقىتتا غىڭ ـ پىڭ قىلساڭ سەتلىشىپ قالىدىغان
گەپ . بۇ پۇل تېرەكتىن چۈشكەن غازاڭ ئەمەس، ئەتە ـ
ئۆگۈندە سوراق ـ هېسابى بار بۇنىڭ، بىلىۋاتامسەن؟ قاي-
تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىشەنچسىز ئادەملەرگە پۇل
قەتئىي بېرىلمەيدۇ،— دەپ هوشۇرنى مەسخىرە قىلىۋاتقان-
دەك ئىپادىدە گەپنى ئۈزدى. شۇ چاغدا هوشۇر تۇرسۇن
خاڭجاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، قانچىلىك ئىزا ـ ئاھانەت،
خورلۇق تارتقانلىقىنى ئۆزى بىلىدۇ. شۇ كۈنى هوشۇر ساق
بىر كۈن يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئالدىنى چۆرگى-
لەپ كېتەلمىدى. يەنە ئۇرۇنۇپ باقاي، تۇرسۇن خاڭجاڭ
گېپىدىن يېنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئۈمىدتە قور-
سىقىنىڭ قاتتىق ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ تۇرسۇن خاڭجاڭنى
ساقلىغانىدى . بىراق، ساقلىغىنى بىكارغا كەتتى. تۇرسۇن
خاڭجاڭ هوشۇرغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. هوشۇر
قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز ئالالىغان كىشىلەرگە ھەسەت ۋە
ھەۋەس قىلىپ، ئۆيىگە ئاچچىق يۇتۇپ قايتىپ كەلدى.
قەرز ئالالىغان كىشىلەر ئىچىدە هوشۇر بىلەن تەڭ دې-
مەتلىك، تۇرمۇش ھال ئەھۋالى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدى-
غان بىر مەھەللىلىك دوست ـ ئاغىنىلىرىمۇ بار ئىدى. هو-
شۇرنى ئەڭ ئازابلىغىنىمۇ مۇشۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ يىلمۇ
ئۆتكەن يىلدىكىدەك قەرز ئالالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ كېتى-
ۋاتاتتى. كەنت باشلىقى ئۇلارغا ياردەم قىلىپ، ئالغان
قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالايدۇ دەپ كەنت نامىدا ئىسپات
يېزىپ بەرسە قانداق بولاركىن؟ ھەي.. نېمىدېگەن تەس
ئىشلار بۇ؟ تۇرسۇن خاڭجاڭ نېمىشقا ھەممە ئادەمگە بارا-
ۋەر قارىمايدىغاندۇ؟ كىم بىلىدۇ، تۇرسۇن خاڭجاڭ هو-
شۇردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتامدۇ تېخى!

هوشۇر يېنىدا ئولتۇرغان ئايالىغا بوش ئاۋازدا ئېيتتى:

— قەرز ئېلىۋالساق ئوبدان بولاتتى، سېنىمۇ دوخ-
تۇرغا ئاپىرالايتتىم.

— بارمايمەن ، ساق تۇرسام.

— بارمىساڭ بولمايدۇ، مەن سېنى ئۆزۈم شەھەرگە
ئاپىرىپ داۋالىتىمەن، ئاندىن كېيىن ئېتىزغا ئوغۇت ئالساق،
ئىنەككە بوغۇز ئالساق، يەنە ئۆتكەن يىلقى سۇ پۇلىنى تۆلە-
سەك، يەنە...

هوشۇر بارماق پۈكۈپ سېتىۋېلىشقا تېگىشلىك لازى-
مەتلىكلەرنى ساناپ كۆرۈۋېدى، تېخى قولىغا تەگمىگەن
قەرز پۇلىمۇ بىردەمدىلا تۈگىدى. قەرز ئالغان پۇلغا سېتىۋا-
لىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن هوشۇرنىڭ بېشى
چۈشۈپ كەتتى.

— خۇدايىم ئاسانلىق بېرەر، — دېدى چىنتاشخان
ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولغاندەك مۇلايىم ئاھاڭدا،
— تۇرسۇن خاڭجاڭ بۇدا قەرز ئېلىۋېلىشىمىزنى رەت
قىلماس.

هوشۇر ئايالىغا لەپپىدە بىر قاراپ قايتا ئۈن چىقما-
دى. ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان ئەلەمنى چىن-
تاشخان ئېنىق كۆردى. شۇ پەيتتە چىنتاشخاننىڭ تېنىگە
ئاچچىق بىر تىترەك يامىشىپ، كەپتەردەك بۇقۇلداپ يىغلى-
ۋەتكىلى تاس قالدى، بىراق، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. كۆز ـ
يېشى قىلسا هوشۇرنىڭ تېخىمۇ ئازابلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى

ئۇيلاپ، دىمىنى ئىچىگە يۇتتى. ھوشۇر ئېغىر-ئېغىر تىنىپ، ئۇچاقتىكى ئىسسىقى كەتكەن كۈلگە قارىغىنىچە قېتىپ قالغاندەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

ئەر بىلەن ئايال كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك يەنە سۈكۈتكە پاتتى. خېلى كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق پاراكەندە كۆڭۈل بىلەن قانداقمۇ ئۇخلىغىلى بولسۇن؟ ئەمەلىيەتتە ئۇلار خاتىرجەم، غەم-غۇسسىسىز ئۇخلاپ باقمىغىلى قانچىلىك بولغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ. بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگىتىپ ئەتىكى ئىشنى ئويلاۋاتقان، قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلسا، كېسەلنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان... ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشمەك شۇنچىلىك تەسمىدۇ؟

سىرتتىكى بوران ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئاللىقانداق تەشۋىش ۋە ۋەھىمە سېلىپ توختىماي گۈركىرەيتتى. غەلىتە ئاۋازدا چىرقىرايتتى، ھوشۇر ئەنسىرەپ ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىگە، ھەم ئېتىلگەن تۈڭلۈككە بويۇنداپ قاراپ باقتى. چاتاق يوق. بوران ھەر قانچە گۈركىرىسىمۇ، چۇقان سالسىمۇ، شىددەت بىلەن كۆكسىنى ئۇرسىمۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ خاتىرجەم تىندى.

— قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، چۈشتىن بۇيان ھېچنىمە يېمىدىڭ، — چىنتاشخان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خىيالغا پاتقان ھوشۇرنىڭ بىلىكىنى نوقىدى، — چاي قۇيۇپ بېرەي، ئازراق نان يەۋال.

— ئاچمىدى، — دېدى ھوشۇر، — سەن يېگىن، مېنىڭ پەقەت بىر نەرسە يېگۈم يوق.

ھېلىمۇ ياخشى، چىنتاشخان ئەتىگەندە ئوچاقتا ئوت ياققاندا بىر چەينەك سۇ قاينىتىپ چايدانغا قاچىلاپ قويغانىدى، بايا چايداندىكى قايناق سۇدىن ئازراق قۇيۇپ بالىسىغا نان چىلاپ بەردى. چايداندىكى قايناق سۇ بەك ئىسسىق بولمىسىمۇ، ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ قورسىقىنى ئەستەرلەشكە يارايتتى. شۇڭا چاي تەييارلاش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلگەن چىنتاشخان ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمەلىيەتتە چىنتاشخانمۇ تېخى كەچلىك تاماق يېمىگەنىدى. ئېرىنىڭ تاماققا مەيلى بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ گېلىدىنمۇ تاماق قانداق ئۆتسۇن؟

بوران سىرتتا، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە، ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە، كۆڭۈلگە ۋەھىمە سېلىپ گۈركىرەيتتى. بەلكىم بوران مۇشۇ پەيتتە پۈتكۈل مەھەللىنى تالان-تاراج قىلىۋاتقاندۇ... دەل-دەرەخلەردىن ئاجراپ، يېرىلىپ چۈشكەن شاخ-شومبىلارنى، دېھقانلار مال-چارۋىلىرى ئۈچۈن يازدا مىڭبىر جاپالار بىلەن ئورۇپ، قۇرۇتۇپ، ئۆگزىلىرىگە بېسىپ قويغان ئوت-چۆپلەرنى نە-نەلەرگىدۇ ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندۇ... يىراق-يىراقلاردىن ئېلىپ كەلگەن توپا-تۇماننى ئاسماندىن ئەلگەكتە ئۇن تاسقىغاندەك يوللارغا، ئۆگزىلەرگە، دەرەخلەرگە توزىتىۋاتقاندۇ، چېچىۋاتقاندۇ...

— بالىغا يېڭى ئاياغ ئېلىپ بەرسەكمىكىن؟ — دېدى چىنتاشخان ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ئايىغىنىڭ چەمى تېشىلىپ كېتىپتۇ.

— كۆردۈم، — دېدى ھوشۇر بېشىنى كۆتەرمەي، شەھەردىكى نەۋرە ئاچاڭدىن خەۋەر يوقما؟.

— ئەتىياز بولغۇلۇۋاتسا، توپا-تۇماندىن قورقۇپ كەلمەسمىكىن.

— شەھەرلىكلەر بوراندىن نېمانچە قورقىدىغاندۇ دەيمەن، — ھوشۇر ئاللىكىملەرنى مەسخىرە قىلغاندەك مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — ھېلى بوراندىن قورققان، ھېلى ئىسسىقتىن قورققان، تازىمۇ بىر خەقلەردە ئۇ.

— مائاشلىق بولغاندىكىن شۇنداقتۇ؟ — دېدى چىنتاشخان ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى دەپ.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ياسىن سېرىقمۇ مائاشلىقمۇ ئەمەسمە، ئۇ بوراندىن قورقمايدىكەنغۇ؟

— ۋاي تاڭەي..

چىنتاشخاننىڭ ئېرى بىلەن تايىنى يوق ئىشنى تالاش-تارتىش قىلىشقا رايى بارمىدى، مۇشۇنداق كۈندىمۇ كۆڭلىنى باشقا ياققا چاچقان بارمۇ؟ ئۇلارنى تالاي ئىشلار ساقلاپ تۇرۇۋاتسا؟ چىنتاشخان ئېرىنىڭ سۆزىگە نارازى بولغاندەك، ئۇنىڭغا دومسايدى.

— ۋاي... چاقچاق قىلدىم. سەت قارىغىنىنى.. مۇھەمى نەۋرە ئاچاڭ بۇ تەرەپلەرگە كەلسە بولاتتى.

چىنتاشخاننىڭ شەھەردە بىر تۇغقان نەۋرە ئاچىسى بار ئىدى. ئۇ ھوشۇرغا: — نەۋرە ئاچام كەلمەسمىكىن دەپ ئېيتقىنى بىلەن، نەۋرە ئاچىسىنىڭ سەھراغا كېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە بالىسىنىڭ ئايىغىلا ئەمەس، چىنتاشخاننىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭمۇ تازا تا-

يىنى قالمىغلى تۇردى. نەۋرە ئاچىسى ھەر قېتىم سەھراغا
كەلگەندە ئۆزىنىڭ، ئېرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ نەچچە ۋاقىت كە-
يىپلا مودىدىن قالدى دەپ قارىغان كىيىم - كېچەكلىرىنى
ئۇلارغا ئالغاچ كېلەتتى. چىنتاشخان شەھەردىكى بۇ نەۋرە
ئاچىسىنى ناھايىتى باي دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇ ئالغاچ
كەلگەن كىيىم - كېچەكلەر دۇكاندىن يېڭى سېتىۋالغاندەك
يېڭى بولمىسىمۇ، مۇنۇ يېزا بازىرىدىكى دۇكان - يايمىلاردا
سېتىلىۋاتقان كىيىم - كېچەكلەردىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى .
ھەتتا دۇكاندا سېتىلىۋاتقان كىيىم - كېچەكلەردىن خېلىلا سۇ-
پەتلىك، چىرايلىق، يارىشىملىق ئىدى. چىنتاشخان نەۋرە ئا-
چىسى ئالغاچ كەلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى تۇنجى قېتىم ئال-
غاندا نومۇس قىلىپ ، باشقىلار ئالدىدا ئىززەت - ھۆرمىتى،
يۈزى چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلغانىدى. ھوشۇرمۇ تەڭ-
قىسلىقتا، خىجالەتچىلىكتە قالغانىدى، ئەمما ئۇ چىنتاشخاننىڭ
بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى باشقىلار كىيىپ قالغان دېمەي ئۇچې-
سىغا ئارتىپ رازى بولغانلىقىنى، رەڭگى - رۇخسارى ئېچى-
لىپ، تارتىملىق، چىرايلىق، يېقىشلىق جۇۋانغا ئايلانغانلىقىنى
كۆرۈپ جىق ئويلاپ كەتمىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار
نەۋرە ئاچىسى ئالغاچ كەلگەن كىيىم - كېچەكلەرنى رەھمەت-
ھەشقاللا دەپ ئېلىۋەردى. شۇنداق بولغاچقا چىنتاشخانمۇ
ھوشۇرغا كىيىم ئالىمەن دەپ غۇدۇڭشۇپ باقمىدى. ھوشۇر
بىلەن چىنتاشخان شەھەردىكى نەۋرە ئاچىسىنى قوي
سويۇپ، توخۇ سويۇپ مېھمان قىلالمىسىمۇ، سەھراغا كېلىدى-
غانلىقىنى ئاڭلىسىلا، ئېشەك ھارۋىلىق ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئال-
غىلى چىقاتتى، نەۋرە ئاچىسى شەھەرگە قايتقۇچە ھوشۇر
ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يەنە ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئاپىرىپ قو-
ياتتى. شۇ ۋەجىدىن نەۋرە ئاچىسى ئۇلارغا باشقا نەۋرە تۇغ-
قانلىرىغا قارىغاندا يېقىن تۇراتتى. ئاق كۆڭۈل، ساددا بۇ تۇغ-
قانلىرىنى قەۋەت ياخشى كۆرەتتى.

— قازناق ئۆينى ئاقتۇرۇپ باق، بالا كىيىپ تۇرغۇ-
دەك ئاياق تېپىلىپ قالار، — ھوشۇر ئۆسۈپ كەتكەن ئىڭەك-
لىرىنى سىلاپ، چىنتاشخانغا نېمىگىدۇ قاقشاپ بېرىۋاتقاندەك
ئېيتتى، — ساقال ئېلىشقىمۇ ۋاقتىم يەتمىدى دېسە...

— نەچچە قېتىم ئىزدەپ باقتىم، يوقكەن. ئۈلۈشكۈن
يېزا بازىرىغا بارسام، ئەزىمەتكە لايىق خېلى ئەرزان ئاياغ-
لار بار ئىكەن. شۇ ئاياغلاردىن ئېلىپ بەرسەكمىكىن؟

چىنتاشخان گەپنى دەپ بولۇپ، ئېرىنى قىيناپ قويغان-
لىقىنى سەزدى. بۇ ھوشۇرغا ئازاب سېلىپ ئاياغنىڭ گېپىنى
قىلمىساممۇ بوپتىكەن دەپ ئويلىدى. بەلكىم ھوشۇر ئوغلى-
نىڭ يىرتىق، كونا ئايىغىنى كىيىپ ھويلىدا، ئېرىق - ئۆستەڭ
بويىدا پۇتى ئاغرىسىمۇ چىپىپ ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كېتىۋاتقاندۇ؟. ئۆزد-
نى ئوغلىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار ھېسابلاۋاتقاندۇ؟ شۇنداققۇ،
كەمىنىگىمۇ ئۆز بالىسىغا يېڭى ئاياغ ئېلىپ بەرگۈسى كەلمەي-
دۇ. ئۆزى يېمىسىمۇ، ئۆزى كىيمىسىمۇ، ھېچكىم بالىسىنىڭ
باشقىلارنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ قېلىشىنى، باشقىلارنىڭ
بالىسى بىلەن تەڭ تۇرالماسلىقىنى خالىمايدۇ. شۇڭىنىسى،
ئارمانىغا تۇشلۇق دەرمان بولمىسا بىكاركەن. چىنتاشخان
ئوبدان بىلىدۇ، ھوشۇر ئوغلى ئەزىمەتكە بەك ئامراق. بۇ
ئۆينىڭ خۇشاللىقى ئاشۇ بالا. بىراق، ئەزىمەتكە يېڭى ئاياغ
ئېلىپ بېرىدىغان پۇل نەدە؟ ئامال يوق، ئۆيدە ھازىر
تېيىن قالمىدى. دېھقان خەق دېگەن شۇنداقكەن، بىر ياز
تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ، كۈزدە قولى ئانچە - مۇنچە
پۇل كۆرۈپ، چىھرىگە كۈلكە يۈگۈرۈيدۇ، ئالغان ھوسۇلى-
دىن قانائەت تېپىپ خۇداغا شۈكۈر - سانا ئېيتىشىدۇ، بۇنىڭ-
دىن كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا
ئۈمىد باغلىشىدۇ. بىراق شۇنچە سىقمداپ، تېجەپ يېمىسىمۇ
كېلەر يىلى ئەتىياز بولا - بولمايلا يىغقان - تۈككىنىنىڭ
تۈگەپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشىدۇ. ھوشۇر بىلەن چىنتاش-
خان بىرلا شۇنداق ئۆتۈۋاتامدۇقكىن دېسە، مەھەللىدىكى
نۇرغۇن ئادەم يېزا ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن قەرز ئېلىش-
نى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەي... قەرز كوپىراتىپى قاچان
قەرز تارقىتاركىن؟... بولسا، ھوشۇرمۇ مۇشۇ قېتىم ئېلىۋال-
سا... ھوشۇر ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، گەپ قىلماي ئول-
تۇرغان بىلەن يۈرىكى پىچاق كەسكەندەك ئېچىشتى. قاچاد-
لاردىدۇ ئۇخلاپ قالغان ئوغلى ئەزىمەتكە قاراپ، بوغۇزىغا
ئاچچىق بىر نەرسە ئۆرلەپ چىقىپ يەنە كەينىگە يېنىپ
كەتتى. ئۇنىڭ سىغدۇرۇشچان، كۆتۈرۈشلۈك قەلبىمۇ
شۇنداق پاتمان - پاتمان ئازاب ۋە ھەسرەتلەرنى سىغدۇ-
رۇپ، كۆتۈرۈپ كېتەلەيتتى. سىغدۇرمايمۇ ئامال يوق
ئىدى. ئايالى چىنتاشخانغۇ قانائەتچان، ئاددىي - ساددا
ئايال، ھوشۇر بۇلتۇر پاختىدىن ئازراق كىرىم قىلىپ، ئۇ-
نىڭغا تازا يارىشىملىق بىر كۆڭلەك ئېلىپ بېرىشنى ئېيتتۇپ-
دى، چىنتاشخان: پۇلنى بۇزۇپ - چاچمايلى، كېيىنكى كۈن-

لەردە ئەسقاتىدۇ دەپ قەتئىي ئۇنىمىدى. ئەمما، مۇنۇ ئامراق ئوغلى ئەزىمەتكە يېڭى كىيىم - كېچەك ئېلىپ بەرمەگىلى قانچە ئۇزاق بولدى؟ يىلدا ئىككى قېتىم كېلىدىغان ھېيتنىمۇ ئوغلىغا شەھەردىكى نەۋرە ئاچىسىنىڭ بالىلىرىدىن قالغان كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئويلىسا، ئۆزىدىن - ئۆزى نەپرەتلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ باي بولۇش ئۈچۈن، خوتۇن - بالىسىنى ياخشىراق كۈنگە ئېرىشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئويلىنىپ كېتىدۇ... ئۇ ئامانەت قەرز كوپىراتىپىدىن بۇدا قەرز ئېلىۋالسا، باشقىچىرەك يول تۇتۇپ باقسا قانداق بولاركىن؟ شۇنداق قىلمايمۇ ئامال يوقتەك قىلىدۇ، كىچىككىنە يەرگە تەقدىرنى باغلاپ ياشاۋەرسە، غورىگىل تۇرمۇشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىكەن....

— قەرزنى ئېلىۋالساق ئەزىمەتكە ئاياغ ئېلىپ بېرەيلى،— دېدى ھوشۇر،— سەنمۇ بىر ئاياغ ئېلىۋالساڭ بولاتتى؟

— ئالمايمەن.

— ئال، قارىسام سېنىڭ ئايىغىڭمۇ كونىراپ كېتىپتۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن.

— كارىم يوق، مەن چىدايمەن ، ئاياغ ئالسام پۇل كەملەپ كېتىدۇ.

— غەم قىلما،— دېدى ھوشۇر چىنتاشخاننىڭ پەرىشان چىرايىغا قاراپ،— مەن بىر نىيەتكە كەلدىم، بۇ يىل ئېتىزغىلا قاراپ قالماي، بىرەر ئىش - ئوقەت قىلايمىكىن دەيمەن.

ئېرىنىڭ سۆزى چىنتاشخاننى قىزىقتۇردى. ھوشۇرنىڭ مىجەزىنى چىنتاشخان ئوبدان بىلىدۇ، ئېرى قايتا - قايتا ئويلانمىغان، بىر ئىشلارنى راستىنلا كۆڭلىگە پۈكمىگەن بولسا، بۇ سۆزلەرنى ھەرگىز ئېغىزىدىن چىقارمايتتى.

چىنتاشخان بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىپ، ئېرى ھوشۇرغا سوئال نەزەرى بىلەن باقتى:

— نېمە قىلىسەن؟

— ئويلاۋاتقىنىم تولا،— دېدى ھوشۇر ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ،— ئىشقىلىپ پۇل تاپىدىغان ئىش بولسىلا قىلىۋېرىمەن. جاھاندا پۇل تاپىدىغان ئىشلار كۆپقۇ؟ مەسىلەن: مەھەللىدىكى ئۆي سالىدىغانلارغا ئۆيىنى سېلىشىپ بەرسەم، ھېچ بولمىغاندا قول - ئىلكىدە بارلارنىڭ باغ - ۋارانلىرىغا قارىشىپ بەرسەم ...

— ھازىرچە مەھەللىدە يېڭى ئۆي سالىدىغان ئادەم چىقماسمىكىن ؟

— قانداق بولۇپ؟

— پۇل بولمىسا نېمىسگە ئۆي سالىدۇ.

— ئۇغۇ شۇ...

ھوشۇر ئايالىنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يەتتى. چىنتاشخاننىڭ دېگىنىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى، مەھەللىدىكى دېھقانلار بۇ بىر - ئىككى يىلدا ئېتىز - باغلىرىدىن تۈزۈكرەك ھوسۇل ئالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىڭ جاپادا كىچىككىنە ھوسۇل ئالغان تەقدىردىمۇ باغدىكى مېۋە - چىۋىلەرنىڭ، پاختا - قوناقلارنىڭ خېرىدارى ئازلاپ پۇلغا يارىمايۋاتاتتى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ كۈن ئالمىقى كۈندىن - كۈنگە تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قولىدا ئېشىنچا پۇلى بولمىغان دېھقانلار قانداقمۇ يېڭى ئۆي سالالىسۇن؟ يېڭى ئۆيىنى ھۆكۈمەت سېلىپ بېرىۋاتقانلارمۇ بار، بىراق ئۆي سالغان پۇلنىڭ يېرىمىنى يەنىلا دېھقانلار چىقىرىدىغان گەپ. ئاشۇ پۇلغىمۇ دېھقانلار قوي - كالىلىرىنى سېتىپ ئاران چىقىش قىلىۋاتىدۇ. ئېتىز - باغنىڭ ھوسۇلىنىڭ كەملەپ كېتىشىگە كەلسەك، بۇ ئاقىۋەتنى مەھەللىگە يېقىنلا جايغا قۇرۇلغان ئەشۇ نەس باسقۇر كان بىلەن زاۋۇت كەلتۈرۈپ چىقاردى .كان ئىشلەپچىقارغان ئالىلقانداق نەرسىنى زاۋۇت ئېگىز تۇرخۇندىن گاھىدا ئاقامشۇل، گاھىدا قاپقارا ئىس چىقىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەيتتى كىچىككىنە شامال چىققان كۈنلىرى تۇرخۇنغا پاتماي چىقىۋاتقان ئاشۇ ئىسنى شامال مەھەللە تەرەپكە ھەيدەپ كېلەتتى - دە، ھاۋانى چىدىغۇسىز سېسىق بىر خىل پۇراق قاپلايتتى. بۇ پۇراق كىشىنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇراتتى، بېشىنى قايدۇراتتى. كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. ياز كۈنلىرى دەل - دەرەخلەرنىڭ ، پاختا - قوناقلارنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى چاڭ - توزان سەۋەبىدىن قارا رەڭگە كىرىپ، پۇرلىشىپ كېتەتتى. مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىسى پىشا - پىشمايلا قورۇلۇپ، يىگىلەپ شېخىدىن تۆكۈلۈشكە باشلايتتى. دېھقانلارنىڭ ھوسۇلى كەملەپ كەتكەچكە، ئۇلار كان ۋە زاۋۇت ئۈستىدىن يۇقىرىلىق ھۆكۈمەتكە، ھەتتا شەھەرگىچە شىكايەت قىلىشتى. ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىپ يۇقىرىدىن تەكشۈرۈشكە ئادەم چۈشۈردى. تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەر دېھقانلارغا بۇ ئىشنى پات ئارىدا ھەل قىلىپ ، دېھقانلارغا تۆلەم بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى. دېھقانلار تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ گېپىگە ئىشەندى. ئەمما ئىش ئوڭشالمىدى، ۋەدە ۋەدە پېتى قېلىۋەردى. دېھقانلار يەنە

ئەرزگە بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقى، بۇنىڭغا ۋاقت كېتىدىغانلىقى ھەققىدەكى جاۋابغا ئېرىشىپ قايتىپ كېلىشتى. مانا ھازىرغىچە ھېچقانداق شەپە يوق، بىراق دېھقانلار ئۈمىدۋار ئىدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. ئەينى ۋاقىتتا زاۋۇتنىڭ ئۆزلىرىگە بۇنداق پالاكەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئويلىمىغان ئىدى. مەھەللىدە كان ئېچىلىپ، زاۋۇت قۇرۇلغۇدەك دېگەن خەۋەر تارقىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، زاۋۇت ۋە كانغا مۇشۇ مەھەللىدىكى ياشلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغۇدەك دېگەن گەپمۇ چىقتى. شۇ چاغدا مەھەللىدىكى كۆپ قىسىم ياشلار زاۋۇتنىڭ بىر ئىشچىسى بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىشقاندى. ھوشۇرمۇ بۇ خەۋەردىن خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ ، بىر نەچچە يىل شەھەردىن خىزمەت ئىزدەپ ، مۇۋاپىق ئورۇن تاپالمىغاچقا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلەردىن ئىدى .شۇڭا ئۇ «ماڭا يۇرت ئەمدى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. كېيىن زاۋۇت تەرەپ ياشلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ زاۋۇتقا ئىشچى قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بىراق زاۋۇتقا ئىشچى قوبۇل قىلغاندا ياشلارنىڭ بىرىمۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى بولالمىدى. زاۋۇت تەرەپنىڭ «بۇ ياشلار تېخنىكا بىلمەيدىكەن» دېگەن سەۋەبى بىلەن ياشلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى يوققا چىقتى. ھوشۇرنىڭ ئوقۇغان مەكتىپمۇ زاۋۇتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمىدى. زور ئىشەنچ قىلغان بۇ ئىشمۇ يوققا چىققاچقا، ھوشۇرنىڭ نەچچە ۋاقىتلارغىچە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. مەكتىپىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ نېمىشقا زاۋۇتنىڭ ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ئۇ ھېچ چۈشىنەلمىدى. قاندىقى قانداق بولغىنى نامەلۇم، كېيىنكى كۈنلەردە ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بىر تۈركۈم ئادەم يىراق يەرلەردىن زاۋۇتقا كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى. ھوشۇر ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى، «مائاشلىق بولۇش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن ئوخشايدۇ» دەپ تەقدىرگە تەن بەردى...

بوران سىرتتا، ئۇلارنىڭ ئۆگزىسى ئۈستىدە، دېرىزىسى تۈۋىدە توختىماي گۈركىرەيتتى، ھۇشقۇيتاتتى، جىن - ئالۋاستىدەك چىرقىرايتتى...

ھوشۇر بىلەن چىنتاشخان ئوچاق ئالدىدا دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشقان پېتى نەچچە تال شامنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى. ئەڭ ئاخىرقى بىر تال شام ئۆي ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىۋاتقاندەك كالدىكى شىرە ئۈستىدە پىلىلداپ كۆيۈپ تۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەندەك شامنى دۇكاندىن جىقلا ئېلىۋالغانىكەن، بولمىسا قاراڭغۇدا قانداق قىلاتتىكىن؟ ھوشۇر قوللىرىنى ئۇشىقلاپ تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى:

— يا زاۋۇتقا ئىشقا ئالمىغان، يا باشقا يەردىن ئىش چىقمىغان، ئۇھ.. قانداق كۈنلەر بۇ ؟

ھوشۇرنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە خەيالغا پاتقان چىنتاشخاننىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىۋەتتى. ئۇ ئېرىنى چۈشىنەتتى، ئېرى بۇ ئۆينى دەپ قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئامالنى قىلىپ باقتى. كۆپ تىرىشتى، ئەمما ئىشلار ئوڭغا تارتمىسا نېمە ئامال؟ زارلانسامۇ ، قاخشىسامۇ شۇ ئىكەن. ھېچكىم بەخت - تەلىيىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ . شۇلارنى ئويلاپ چىنتاشخاننىڭ قەلبىدە ئېرى ھوشۇرغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيگەندەك بولدى . ئۇ ئېرىنىڭ بۇ كۈنكىدەك بۇنداق چۈشكۈن ھالىتىنى كۆرۈشنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ئېرىگە تەسەللىي بېرىش پۇرسىتىنى قولىدىن بەرمىدى:

— خۇدايىم بار، ساق - سالامەت بولساقلا بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ھوشۇر ئايالىغا قاراپ مەجبۇرەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى ئامال بار ئايالىغا ئۈمىدۋار ، چىداملىق كۆرسىتىشكە تىرىشتى، ئايالىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا بىر خىل كۈچ، جاسارەت بەخش ئەتتى. ۋۇجۇدىدا بېسىلىپ تۇرغان غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغىدى، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى كاللىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان ئوي - خىياللىرىنى ئايالىغا دەپ باقتى.

— ئىنەك تۇغۇۋالسا، موزىيىنى ئەزىمەتنىڭ سۈننىتىگە ئىشلىتىپ، ئىنەكنى سېتىۋەتسەكمىكىن؟ — دېدى.

چىنتاشخاننىڭ يۈرىكى ئاغدى، قىممەتلىك نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇۋاتقاندەك ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىنەكتىن بۆلەك ھېچنېمىسى يوق تۇرسا، قانداقسىگە ئەمدى ...چىنتاشخان ھوشۇرنىڭ نېمىنى ئويلاپ بۇ گەپنى دەۋاتقانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن ئىنەكنى سېتىۋېتىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي، ئېرىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى. ھوشۇر چىنتاشخانغا چۈشەنچە بەردى.

— ئىنەكنى سېتىپ پۇل قىلىپ، شەھەرگە كىرىپ سودا-

سېتىق قىلىپ باقايمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.
— شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟
— شەھەرگە بېرىپ كۆرۈپ باقمىدىم، تەلىيىم كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

چىنتاشخان ھوشۇرنىڭ گېپىدىن بىردە ئۈمىدلەنسە، بىردە يەنە قانداق بولاركىن دەپ تەشۋىشلەندى. ھوشۇر پۇل تاپىمەن دەپ راستىنلا شەھەرگە كەتسە، ئېتىز - ئېرىق-نىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشىغا چىنتاشخان ئۆزى يالغۇز قالىدۇ، ئۆزى يالغۇز بالىسى ئەزىمەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇنىڭغا چىنتاشخان چىدايدۇ، ئۇ جاپاغا كۆنۈپ كەتكەن ئايال. بىراق، ئېرى ھوشۇر ئېلىم - سېتىم ئىشلىرىغا يانداش-شىپ باقمىغان ئادەم تۇرسا، پۇل تاپقۇدەك بىرەر ئىش - ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتالىشىغا چىنتاشخان تازا ئىشەنچ قىلالمى-دى. ھوشۇر مۇشۇ مەھەللىلىك بىر نەچچە ئادەمنىڭ شەھەر-دە ئىش - ئوقەت قىلىمىز دەپ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى، كېيىن ئۇلارنىڭ ئىش - ئوقىتىنى ئاقتۇزالماي تاپقان - تەر-گەننى ھاۋاغا سورۇۋېتىپ، گەدىنىگە يەنە بىر مۇنچە قەرزنى ئارتىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھا-زىرغىچە قەرزنى قايتۇرالماي يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. باشقىلار ئۇلارنى ئوقەت قىلىدىغان پۇلىغا قىمار ئويناپتۇ، سەتەڭلەرگە خەجلەپ بېرىپتۇ دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەر راستمۇ يالغان ھېچكىم ئۇقمايدۇ. ئېرى ھوشۇرغۇ ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان ئەر ئەمەس، چىنتاشخان ئۇنىڭغا ئىشە-نىدۇ. شۇغىنىسى، ھوشۇرنىڭ سودا ئىشى ئوڭغا تارتماي قالسا...سودا - سېتىقنى ئېپىدە قىلالماي زىيان تارتسا... بۇ ئۆيگە قىيامەتنىڭ كەلگىنى شۇ، ھەي.. ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، ھەر ئىشنىڭ ياخشى - يامان تەرىپى بولىدۇ... چىنتاشخان يەنە ئويلاپ كۆرسە، بۇ مەھەللىدىن شەھەردە ئوقەت قىلىپ بېيىپ كەتكەنلەرمۇ چىقتى. ئۇلارنىڭ كاتتا ئايۋان - ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈ-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. بەلكىم ھوشۇر ئاشۇ كىشىلەر-نى كۆرۈپ شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغاندۇ، ئۇلارغا ئوخشاش پۇل تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغاندۇ. مەيلى قانداق بولسۇن، چىنتاشخان ئېرى ھوشۇرنىڭ شەھەرگە كىرىپ پۇل تاپىمەن دېگىنىدىن ئارامسىزلاندى. ئۇ ئېرى ھوشۇرنىڭ ھازىرلا شەھەرگە كىرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ بەدىنىنى يېنىك تىترەك باستى. ئۇ ئېرىگە مەدەت بېرىشنى ياكى ئېرىنىڭ سۆزىگە قارشى تۇرۇشنى بە-لەلمىدى. قېنى، ئاۋۋال، مۇھىمى ئىنەك موزايلاپ باقسۇن، موزاينى ئەي قىلغۇچە يەنە قانداق كۈنلەر كېلىدۇ؟ نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟ كىم بىلىدۇ... موزاينى باقىمەن، سەمە-رىتىمەن دەپ ھوشۇر بايا ئېيتقان خىياللىرىنى ئۇنتۇپ كې-تەمدۇ تېخى، چۈنكى ئۇلارغا سېمىز بىر موزاي كېرەك، مو-زاينى سويۇپ ئوغلى ئەزىمەتنىڭ خەتنە تويىنى ئۆتكۈزۈش - ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى. شۇڭا ھوشۇر بىلەن چىنتاش-خان ئىنەكنىڭ سالامەت موزايلىشىنى كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزاق كۈنلەر بولدى. مانا ئەمدىلىكتە، بۈگۈنكىدەك بورانلىق كې-چىدە ئىنەكنىڭ موزايلاپ قويۇشىدىن، ئەتىيازنىڭ سوغۇق بورىنى سەۋەبىدىن يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ سوغۇق ئۆتۈپ ياكى كۆتۈلمىگەن سەۋەب بىلەن ئەي بولالماسلىقى-دىن ئەنسىرىشىپ، يۈرىكى سۇ بولۇپ ئولتۇرۇشماقتا.

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بەلكىم يېرىم كېچە ياكى تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندۇ.نەچچە كۈن ئال-دىدا تەكچىگە تىزىپ قويغان سائەتنىڭ مېيى تۈگەپ كەت-كەچكە، كېچە سائەت قانچە بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ۋاقىتمۇ ئاشۇ سائەت بىلەن تەڭ ئۆز ئورنىدا توختاپ قال-غاندەك، بۈگۈن كېچە باشقا كېچىلەرگە قارىغاندا ئۇزىراپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاڭ مەيلى قاچانلا ئاتسۇن، ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بوراننىڭ توختىشى ئىدى. بوران پەس-لىسە ياكى توختىسا ئۇلاردىكى غەم - ئەندىشىسىمۇ كۆپ يەڭگىللەپ خاتىرجەم بولالايتتى. شۇنداق بولغاندا ئىنەك تۇغسىمۇ جىق ھەرەج تارتمايلا، موزاينى ئەي قىلە-ۋېلىشىغا كۆزى يېتەتتى. بىراق، سىرتتا گۈركىرەۋاتقان بو-راننىڭ ئاۋازى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس، بوران ئۇلار بىلەن قېيىشىۋاتقاندەك تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ گۈرك-رەپ بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئەر - ئايال ئىككەي-لەن بوراننىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ يەنە بىر ھازا ئولتۇرۇشتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھوشۇر بىلەن ئايالى چىنتاشخاننى ئاستا - ئاستا ئۇيقۇ تۇتتى، بولۇپمۇ چىنتاشخان بولالماي قالدى، ئۇ توختىماي ئەسنەيتتى، كۆزى دەم ئېچىلىپ دەم يېپىلات-تى.ئەسلىدىنلا تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن چىنتاشخان غەم - ئەندىشە ئىچىدە بۈگۈن بۆلەكچىلا چارچاپ كەتكەنىدى. ھوشۇر ئايالىنىڭ قىينىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنى ئۇخلاشقا ئۈندىدى. چىنتاشخان «ئۇيقۇم كەلمىدى» دەپ

ئۇخلاشقا ئۇنىمىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئىككىيلەنلا ئۇخلاپ قالماسلىققا، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئىنەك تۇغۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بورانلىق كېچىدە ئۇخلىماسلىققا تىرىشىۋاتاتتى. ھوشۇر ئايالىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە، ئايالىغا بۇيرۇق قىلغاندەك ئېيتتى:

— سەن ئۇخلىۋال، قارىسام چىدىيالماي قىلىۋاتىسەن.

— ئۇيقۇم كەلمىدى.

— يالغان ئېيتما! ھېرىپ كەتكىنىڭنى بىلمەمەن، خاتىرجەم بول، ئىنەككە ئۆزۈم يېتىشىپ كېتەلەيمەن. ئەتە يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ھېچكىم بىلمەيدۇ. سەن ئۇخلىغىن، مەن چىقىپ ئىنەككە قاراپ باقاي.

— قاراڭغۇدا ئۆزۈڭگە پەخەس بول، — دېدى چىنتاشخان.

ھوشۇر تاختىپەندىن قول چىراغنى ئېلىپ، ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

چىنتاشخان ئېرىنىڭ دېگىنىنى توغرا تاپتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئەتە ئۇنى ساقلاپ تۇرغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بولۇشى مۇمكىن — بوران توختىسا ھويلا-ئارامنى باشقىدىن تازىلىشى، ئېرىگە ياردەملىشىپ بۇزۇلغان جايلارنى ياسىشى... ئىنەك تۇغۇپ قويسىچۇ تېخى، ئالدىراشلىق ئاندىن باشلىنىدۇ... ئەتىكى ئىشلارنى ئويلىغان چىنتاشخان ئېرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئارام ئېلىشنى لايىق تاپتى. ئۇ كاڭدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئوغلى ئەزىمەتنىڭ يېنىغا ئورۇن راسلاپ، كۆزىنى يۇمدى، كۆز ئالدىدا شۇ ھامان ئىنەكنىڭ تۇغۇۋاتقان ھالىتى، ئېرى ھوشۇرنىڭ بىر قولىنى ئىككى قىلالماي تېنەش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى كەلدى-دە، كۆزىنى يەنە لەپپىدە ئاچتى. ئۇ ئاللىقانداق ئېسەنگىرەش، جىددىيلىشىش سەۋەبىدىن ھەرقانچە ئۇيقۇسى كەلسىمۇ، يەنىلا ئۇخلىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. «توغرا، مەن ئۇخلىماسلىقىم كېرەك، ئېرىمگە ھەمراھ بولۇپ ئىنەكنىڭ تۇغۇشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشۈم كېرەك» شۇنى ئويلىغان چىنتاشخان ياتقان ئورنىدىن يەنە لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ سىرتتىن قايتىپ كىرىپ، ئۆزىگە خەۋەر يەتكۈزۈشىنى خېلى ۋاقىت ساقلاپ ئولتۇردى. بىر چاغدا ھوشۇر سىرتتىن قايتىپ كىردى.

— ئۇخلىماپسەنغۇ؟

— ئىنەكنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقاي دەپ...

— ئىنەكتە ھېچقانداق ئالامەت يوق، يېلىنى بەك يوغىناپ كېتىپتۇ بولمىسا...، قارىغاندا بۈگۈن كېچە تىنچ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم.

— بورانمۇ خېلى پەسلەپ قاپتۇ، تاڭ ئاتقۇچە توختايدىغان ئوخشايدۇ.

چىنتاشخان خاتىرجەم بولغاندەك يېنىك تىندى. ھوشۇرنىڭ كەيپىياتىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك ئىدى. ئۆي ئىچىگە ئەمدىلىكتە ئىللىق بىر سېزىم تارىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاللىقانداق خاتىرجەملىك ئىلكىدە، چىنتاشخاننىڭ كۆزىگە ئۆزىمۇ بىلىپ-بىلمەي شېرىن بىر ئۇيقۇ ياماشتى-دە، ئوغلىنىڭ يېنىغا قىڭغايدى.

ئەتىسى چىنتاشخان چۆچۈپ ئويغاندى. ئۆي ئىچى تىپتىنچ، سىرتمۇ تىپتىنچ، ئەتراپ يورۇغان، بوران توختىغانىدى. ئوغلىمۇ يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، ئېرى ھوشۇر كاڭنىڭ گىرۋىكىدە ئورۇن-كۆرپىمۇ سالماي ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. چىنتاشخان ئېرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئېرىنىڭ قولى قان يۇقى ئىدى. ئۆي ئىچى سېسىق پۇراققا تولغان بولۇپ، بۇ پۇراق ئېرى ھوشۇرنىڭ ئايىغىغا چاپلىشىپ تېخى قۇرۇپ بولالمىغان كالا تېزىكىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى تويدى، ھاياجان، ھۇدۇقۇش، خۇشاللىقنىڭ تۈرتكىسىدە ئالدىراپ-تېنەپ ئېغىلغا قاراپ يۈگۈردى. ئېغىل ئىچىدە ئىنەك — ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ئىنكى مېڭىشنى قاملاشتۇرالماي دەلدۈگۈنۈپ ئاران-ئاران تۇرۇۋاتقان، يۇمران تۈكلىرى تېخى قۇرۇپ بولالمىغان موزىيىنى توختىماي يالاۋاتاتتى. ئىنەكنىڭ بۇرۇن ئېغىزلىرىدىن ئىسسىق ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. ئىنەكنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدىن يوغىناپ، نۇرلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئىنەك چىنتاشخاننى كۆرۈپ «مەن تۇغدۇم» دېگەندەك باشلىرىنى يېنىك سىلكىپ مۆرەپ قويدى. «ئاھ! -خۇداغا مىڭ-مىڭ شۈكرى» دەپ پىچىرلىدى چىنتاشخان ئۆزىگە، «ئەمدى كۆڭلۈم تىندى، ئوغلۇم ئۈچۈن موزاينى ئوبدان باقىمەن. موزاي يوغىناپ، سەمرىسە، ئوغلۇمنىڭ سۈننەت تويىغا سويساق... ئوغلۇم كەلگۈسىدە بىر ئەر بولىدۇ، بىزگە، ھەممىگە باشپاناھ بولىدىغان ئەر بولىدۇ».

---

ئاپتور: قۇمۇل غەربىي ئۆستەڭ رايونلۇق كوچا باشقارمىسىدا

# بىز ۋە ياپونىيەلىكلەر





زۇلپىيە تۇرسۇن

چەت ئەلدە يۈرگەن كۈنلىرىمدىكى ھېسلىرىمنى، كەچمىشلىرىمنى بالدۇرراق خەلقىمگە سۇنۇشنى ئويلىغان بولساممۇ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى يېزىققا ئالالمىدىم. يىللاردىن كېيىن يەنىلا بۇ ھېسلىرىمنى خەلقىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئويلىدىم.

2005 - يىللىق جۇڭگو دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ چەت ئەلدە ئوقۇشقا چىقىش مۇكاپاتىغا ئېرىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم، چەت ئەلدە ئوقۇش مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئىدى، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىللاردا چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش بىر ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان ئىدى، مۇشكۇلات دەشتىدە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، ھازىر بۇ سۆزلەرنى قىلماق شۇ قەدەر ئاسان، ئەمما رېئاللىق شۇنچە يىراقتا! يەتمەك شۇ قەدەر مۇشكۇل. ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدىكى «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەندەك سەۋرچانلىق بىلەن تىرىشتىم، ئىزدەندىم، ئاخىر ئۈمىد چېچەكلىرىم چېچەكلەپ، چۈشلىرىم رېئاللىققا ئايلاندى.

2006 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن زىيارەتچى تەتقىقاتچى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىغا كېلىپ، ياپونىيەدىكى ئوقۇش، ئۆگىنىش، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي مۇھىت، تەبىئىي مۇھىت، زىيارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش، ئىشلەش ھاياتىمنى باشلىدىم. ئىنسان نەگىلا بارسىمۇ ئالدى بىلەن شۇ يەرنىڭ مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ مەن تۇنجى بولۇپ ئۇچراشقان ياپونىيە مۇھىتى بىلەن سۆزۈمنى باشلاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مەن ئۆكتەبىردە يۇرتۇم ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كېلىپ، پايتەخت ئايروپورتىدا ئىچكى موڭغۇل يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى جاڭ مېيلى بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇ 40 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ ئۆز يېشىغا نىسبەتەن ياش، جۇشقۇن، جەلپكار، قىزغىن، نازۇك كەلگەن ئاق يۈزلۈك چىرايلىق ئايال ئىدى، ئۇ ئۇستىگە سۈت رەڭ ياغورلۇق چاپان، ئىچىگە كۆل رەڭ كۆڭلەك، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق قارا ئاياغ كىيگەن بولۇپ، يارىشىملىق ياسىنىۋالغانىدى. مۇرىسىگە ئېسىۋالغان سومكىسىدىن باشقا قولىدا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى، ئۇ ماڭا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ يېنىك سەپەرگە چىققانىدى، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش جۇڭگو ھۆكۈمىتى ياپونىيەگە ئەۋەتكەن زىيارەتچى تەتقىقاتچى سالاھىيىتى بىلەن ياپونىيە كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا — بىر شەھەر، بىر مەكتەپكە ماڭغانىدۇق، ھەتتا ياتىقىمىزمۇ بىر بىنادا ئىدى، گەرچە بىز تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن بولساقمۇ ناھايىتى تېزلا سۆزىمىز بىر يەردىن چىقىپ كونا دوستلاردەك بولۇپ قالدۇق، بىز ئولتۇرماقچى بولغان ئايروپىلان ئىككى سائەت كېچىكتى، ئايروپورتقا مېنى ئالغىلى چىقماقچى بولغان خىزمەتدىشىمغا تېلېفون قىلىپ ئايروپىلاننىڭ كېچىككەنلىكىنى ئېيتتىم، بىز سائەت ئۈچلەردە پايتەخت ئايروپورتىدىن ئايرىلىپ، ياپونىيە كانساي ئايروپورتىغا سائەت بەش يېرىملاردا كەلدۇق، ئايروپىلاندىن چۈشۈشىمگە بىر خىل نەم ھاۋا دىمىقىمغا ئۇرۇلدى، ھاۋا شۇ

قەدەر ئىللىق، يېقىشلىق ئىدى، ئايروپورتنىڭ كۈتۈش بۆلۈمىدە چېلىڭ جى (ئىلگىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا ئىشلىگەن خىزمەتدىشىم) مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، چېلىڭ جى يېتەكچى پىروفېسسورۇمنىڭ ئورنىدا مېنى ئالغىلى چىققانىدى، ئۇ ياپونىيەدە ئۇزاق يىللار تۇرغاچقىمۇ ياپونىيەلىكلەرگە ئوخشاپلا قالغانىدى. بىز قىسقىغىنە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن تېز سۈرئەتلىك مېتروغا ئولتۇرۇپ كەچ سائەت توققۇز يېرىملاردىن ئاشقاندا كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى»غا كەلدۇق، جاڭ مېيلىننىڭ يېتەكچى پىروفېسسورى بىنا ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، جاڭ مېيلى ئايروپورتتىن ئۆزى كېلىدىغان، يېتەكچى پىروفېسسورى ياتاقنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ قويىدىغان بولۇپ كېلىشىۋالغانىكەن. بىز كەچ كەلگەچكە ياتاق بىناسىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئاللىقاچان ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، مەن ياتىقىمنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئالالماي، جاڭ مېيلىننىڭ ياتىقىدا قونۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۇنىڭ ياتىقى 2 - قەۋەتتە بولۇپ، ئىككى ئېغىزلىق ئۆي، بىر ئېغىزىدا ئاشخانا، تازىلىق ئۆيى بار، يەنە بىر ئېغىز ئۆيى ياتاق ئىدى، ياتاق پاكىز تازىلانغان بولۇپ، كىشىگە ئازادىلىك بېغىشلايتتى. ياپونىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئايرىم ياتاق بىناسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈتۈپخانا، مېھمان كۈتۈش ئۆيى، پائالىيەت ئۆيى، چېنىقىش ئۆيى، دەم ئېلىش ئۆيىدىن باشقا ھەر بىر قەۋەتتە يەنە ئاممىۋى ئاشخانا، مۇنچا، تازىلىق ئۆيى بار، يالغۇز كىشىلىك ياتاق، ئەر - ئاياللارنىڭ ياتاق ئۆيى، ئائىلە ياتاق ئۆيلىرىدە ئاشخانا، مۇنچا، تازىلىق ئۆيلىرى بار. ياتاق بىنالىرىدىكى تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى شۇ قەدەر ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ئىنتايىن قولايلىق ئىدى.

### ياپونىيەلىكلەردىكى مۇھىت ئېڭى

ياپونىيەنىڭ ماڭا بەرگەن تۇنجى تەسىرى «ياپونىيە تامسىز باغچىغا ئوخشايدۇ، بۇ يەردە ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر گەۋدىگە ئايلانغان.» مەن كيوتودا تۇرغاچقا ئۆزۈم تۇرغان جايىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئاز بولسىمۇ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدىم.

كيوتو ياپونىيەنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر پەرمانىدا بەلگىلەنگەن مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ بىرى.

كيوتو ئۇزاق يىللار ياپونىيەنىڭ پايتەختى بولغاچقا كيوتودا تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپ، يەنە ياپونىيە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى. كيوتو ياماتو مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان جاي، بۇ كيوتونى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. بۇ ئامىللار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىزدەنگۈچىلەر، زىيارەتچىلەر، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلغان. كيوتو ياپونىيەدىكى مۇھىم سانائەت شەھىرى، ياپونىيەدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت، مائارىپ مەركىزىنىڭ بىرى، كيوتو شەھىرىدە 37 ئالىي مەكتەپ بار.

كيوتونىڭ كىلىماتى يېقىشلىق، مەنزىرىسى گۈزەل، شىمالىدىن جەنۇبقا قىيپاش سوزۇلغان، تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان ئىچكى قۇرۇقلۇق شەھىرى بولۇپ، شەرقتە كاموگاۋا دەرياسى بىلەن غەربتە گۈيچۇەن دەرياسى كيوتو شەھىرىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. كيوتودا ياز تومۇز ئىسسىق ۋە نەم بولۇپ، قىش بىر قەدەر سوغۇق كېلىدۇ، بەزىدە قارمۇ ياغىدۇ، كيوتودا باھار مارتتىن باشلىنىدۇ، بۇ مەزگىلدە نورۇز گۈلى ئېچىلىپ تىلسىملاردىكى شەھەردەك شۇ قەدەر گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. كيوتودا باھار بىلەن كۈز ساياھەت پەسلىدۇر، ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىيۇلنىڭ ئاخىرىغىچە كيوتونىڭ دىمىق ئىسسىق يامغۇر پەسلى باشلىنىدۇ.

چارچىغىنىمغا قارىماي سەھەر سائەت تۆت بىلەن ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ياپونىيەنىڭ سەھەردىكى تۇرمۇشىنى كۆرمەكچى بولدۇم. جاڭ مېيلىمۇ پىكرىمگە قوشۇلدى ۋە مەن بىلەن بىللە چىقتى، بىز ياتاق بىناسىدىن چىققاندا تاڭ تېخى سۈزۈلمىگەنىدى. بىز قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدۇق، ئاندىن ياتاق بىناسىنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئاھالىلەر رايونى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يولىمىزنى شۇ تەرەپكە ئالدۇق، ئۇزاق ماڭمايلا قونچاقلارنىڭ ئۆيلىرىدەك قاتار - قاتار سېلىنغان ئىككى ياكى ئۈچ قەۋەتلىك ئايرىم قورالىق ئۆيلەرنى كۆردۇق. بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى پاكار - پاكار ھويلا تاملىرى بىلەن قورشالغان، بەزىلىرى دەرەخلەرنى چىرايلىق قىرقىپ ھويلا تاملىرى قىلغان، ھويلىلىرىدا ھەر خىل گۈللەر، دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن، يەنە كىچىككىنە ماشىنا توختىتىش ئۆيىمۇ بار. گەرچە ھويلا كىچىك بولسىمۇ ھەر بىر نەرسىنى ئەپچىللىك بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئورۇن-

لاشتۇرغان، كىشىنىڭ زوقى كەلگىدەك چىرايلىق ئىدى. يىراق بولمىغان جايدىن سۇنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى كەلدى، بىز شۇ تەرەپكە بۇرۇلدۇق، بۇ يەردە بىر ئۆستەڭ بار ئىكەن، سۈيى سۈپسۈزۈك، غەيرىي پۇراق يوق، ئۆستەڭدە بىلەكتەك - بىلەكتەك رەڭدار بېلىقلار، تاشپاقا، قىسقۇچپاقىلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. جاڭ مېيلى ئۆستەڭدىكى بېلىقلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە «ئۆستەڭدىكى بېلىقلارنى ئەجەب ياپونلۇقلار تۇتۇپ يېمەيدىكىنا؟»، «بەلكىمسەن، بۇلار يۇرتىمىزدا بولغان بولسا كىشىلەر كېچىچە ئۇخلىماي بولسىمۇ تۇتۇپ ئېلىپ كېتەتتى» دېدى. ئۆستەڭگە خابا تاشلىرى ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ئاستىدا قىلچە لاتقىلار يوق، خۇددى ئۆستەڭگە ياتقۇزغان تاشلارنى بىرسى يۇيۇپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ جاڭ مېيلى بىلەن ئىككىمىز ھەيرانلىق ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە قاراشتۇق. يىراقتا بىرىنىڭ ئۆستەڭ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە باردۇق، ئۆستەڭ ئىچىدە 60 ياشلاردىن ئاشقان بىر بوۋاي قولىغا رېزىنكە پەلەي، پۇتىغا ئۇزۇن قونچۇلۇق رېزىنكە ئۆتۈك كىيگەن ھالدا، ئىشكى ئالدىدىكى ئۆستەڭ تاشلىرىنى يۇيۇۋاتقانىدى. بىزنى كۆرۈپ قولىدىكى ئىشنى قويۇپ ئىللىق چىراي بىلەن تىنچ - ئامانلىق سورىدى، بىزمۇ جاۋابەن ئامانلىق سورىدۇق ۋە ھەيرانلىقىمىزنى يوشۇرالمىغان ھالدا ياتاققا قايتىپ كەتتۇق... ھەر كۈنى مەكتەپكە كېتىۋېتىپ ياپونىيەلىكلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىز بىلەن ياپونىيەلىكلەر ئارىسىدا بىر ئوخشاشلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

مەن ياپونىيەگە ئۆكتەبىردە كەلگەچكە بۇ دەل كىيوتونىڭ ساياھەت مەزگىلى ئىدى. بۇ مەزگىلدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىيوتوغا كېلىپ ساياھەت قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. شۇ ساياھەتچىلەر توپىغا ماڭا ئوخشاش جۇڭگودىن كەلگەن زىيارەتچى تەتقىقاتچىلارمۇ قوشۇلدى. 2006 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن زىيارەتچى تەتقىقاتچى تۈردىنلا 109 نەپەر خادىم ياپونىيەدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بارغان، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن بارغىنىمىز يەتتە نەپەر، شۇ يىلى ھەرقايسى تۈرلەردىن ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن جۇڭگودىن ياپونىيەگە كەلگەنلەرلا 3000 دىن ئاشاتتى.

كىيوتوغا كېلىپ بىر ھەپتە بولغان جۈمە كۈنى كەچتە جاڭ مېيلى ماڭا تېلېفون قىلىپ بىرىنىڭ مەن بىلەن تونۇشقۇسى بارلىقىنى، ئەگەر رۇخسەت قىلسام ياتىقىمغا كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا يەنە سۆزلىشىدىغانلىقىنى دېدى، يېرىم سائەتلەردىن كېيىن جاڭ مېيلى بىرى بىلەن ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى ۋە بىللە كىرگەن كىشىنى ماڭا تونۇشتۇردى.

— بۇ گاۋ پروفېسسور، لىنجۇ سودا ئىنستىتۇتىدىن، بىز بىلەن بىر تۈردىكى ئوقۇش مۇكاپاتىنى ئالغان ساۋاقداشىم، گاۋ پروفېسسور سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتى يېمەكلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىككىڭلار تارىخ تەتقىقاتى بىلەن كەلگەنىكەنسىلەر، سەن بىلەن تونۇشۇۋالماقچى دېدى. بىز ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن بىر سائەتتەك سۆزلەشكەندىن كېيىن، گاۋ ئەپەندىم ماڭا ئەتە يەنى شەنبە كۈنى سەھەر 8:30 دا بىنانىڭ ئالدىغا يىغىلىمىز، بۇ يىل كىيوتوغا ھەر تۈردىكى ئوقۇش مۇكاپاتى بىلەن كەلگەن تەتقىقاتچىلار بىرلىكتە ساياھەت قىلماقچى، ئۇنتۇپ قالماڭ، دېدى. شەنبە كۈنى دېگەن سائەتتە بىنانىڭ ئالدىغا چىقسام جاڭ مېيلى بىر توپ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ۋېلسىپىت مىنگەن، بەزىلىرى پىيادە ئىكەن. جاڭ مېيلى مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ، سىلەرگە دېگەن شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر قىزى، دېدى. بىز قىزغىن سالاملاشتۇق. يولغا چىقىش ئالدىدا ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن بىرى كۆپچىلىككە بۈگۈنكى پائالىيەت تەرتىپىنى ئۇقتۇردى. ۋېلسىپىت مىنگەنلەر كىنكاكۇجىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىمىز، پىيادىلەر كەينىدىن يېتىشىدۇ، دېدى. بۈگۈنكى پائالىيەتكە بۇ يىل ئاۋغۇستتىن باشلاپ كىيوتوغا كەلگەن 40 قا يېقىن كىشى قاتناشقانىدى. بىرىنچى بېكەت كىنكاكۇجى (金阁寺) ئىدى بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن زىيارەتچى تەتقىقاتچىلار، دوكتور ئاشتىلار، ئالىي زىيارەتچى تەتقىقاتچىلار، دوكتورلار، ئاسپىرانتلار ئىدى.

بۈگۈن خۇددى بايرام كۈنىدەك كوچىلاردا ئادەم كۆپ ئىدى، ھەممە ئادەم ساياھەت قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىدىن چىقسا كېرەك، يوللار ساياھەتچىلەر بىلەن تولغان، ئەمما قاتناش شۇنداق تەرتىپلىك، كىشىلەر ئۆز يولىدا نۆۋەتى بىلەن كېتىپ باراتتى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن قىستىلىشقىنى يوق ئىدى، كىنكاكۇجى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان

بولسىمۇ مۇھىت شۇ قەدەر پاكىز ئىدى، بىر يەردە بىرنىڭ تاشلىغان مېۋە شۆپۈكى ياكى ئىچىملىك بوتۇلكىسى ۋە ياكى باشقا بىرەر نەرسىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى، خۇددى ھازىرلا سۈپۈرۈپ تازىلاپ قويغاندەك ھەممە نەرسە جاي - جايىدا رەت - رېتى بويىچە تۇراتتى، بۇ يەرنىڭ پاكىزلىقىغا قاراپ بۇ يەرگە ھېچ كىشى كەلگەندەك قىلمايتتى، ئىبادەتخانا قورۇسىدىكى بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار ئېرىق بويلاپ شىلدىرلاپ ئاقاتتى، تار ياغاچ كۆۋرۈك ئاستىدىكى كۆل سۈيى شۇ قەدەر سۈزۈك بولۇپ كۈن نۇرىدا چاقنايتتى. كېنكاكۇجى ئىبادەتخانىسىدىكى كۆۋرۈكتىن كىشىلەر نۆۋەت بىلەن قىستالماي، تالاشماي، ۋارقىراشماي بىر - بىرىگە يول قويغان ئاساستا ئۆتۈپ ئىبادەتخانىنىڭ كۈزدىكى قىزىللىققا تولغان گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى، رەسىمگە چۈشەتتى... بىز ساياھەت قىلغاچ ئەتراپتىكى بۇ مۇھىت ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدۇق، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن دوكتور ئاشتى لى ئەپەندىم دېدىكى: «بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان شۇنداق دىققەت قىلىۋاتىمەن، پۈتۈن ساياھەت جەريانىدا بىرەر يەردە ئەخلەت ئۇچراتمىدىم، يول تالىشىپ ياكى قىستىلىشىپ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشقانلارنى كۆرمىدىم ۋە ياكى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلغانلارنى ئۇچراتمىدىم. بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر بايرامدا بېيجىڭ خان سارىيىنى ساياھەت قىلغانلاردەك كۆپ، ئەمما ھەممە ئىش شۇنداق تەرتىپلىك... جۇڭگودا بولسا بايرامدا بېيجىڭ خان سارىيىنى ساياھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىر قانچە توننا ئەخلەت چىقىدۇ» دېدى. «كۆرۈۋاتامسىلەر! ئاۋۇ تار ياغاچ كۆۋرۈكتىن ھەممە كىشى قىستالماي بىمالال ئۆتۈۋاتىدۇ، تېخى شۇ كۆۋرۈكتە تۇرۇپ رەسىمگىمۇ چۈشۈپ، رەسىم تارتىپ خاتىرە قالدۇرۇۋاتىدۇ، ھېچكىم بىر - بىرىدىن ئورۇن تالاشمايۋاتىدۇ، بىر - بىرىگە دەخلى قىلمايدۇ، قاراڭلار ئۇلارغا. ھەممە ئىشلىرى مەلۇم قائىدە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، باللىرىغا قاراڭلارچۇ تېخى! جۇڭگودا بولسا بايراملاردا كۆۋرۈككە ھەممە ئادەم قىستىلىشىپ بىر - بىرىگە يول بەرمەي دەسسىشىپ... ھەي! ... دېدى». مەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرىگە گاڭگىراش ئىلكىدە باقتىم ۋە پەقەت كىنولاردىكى كىمونو كىيگەن ياپونىيەلىك ئاياللارنى بۈگۈن مانا بۇ كېنكاكۇجىدا كۆردۈم، كىمونو كىيگەن ئاياللارغا بىر خىل قىزىقىش ۋە ئويلىنىش ئىچىدە قاراپ قالدىم...

بۇ مەنزىرىلەر مېنى باللىق دەۋرىمگە باشلىدى، بىزنىڭ يېزىمىز ئۈرۈمچىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىمۇ ھاۋاسى سالقىن، ئورمان بىلەن قاپلانغان يېزا بولۇپ، يېزىنىڭ ئاھالىسى ئاز، ھاۋاسى يېقىشلىق، سۇلىرى سۈزۈك، يوللىرى ئازادە، ئىككى تەرىپىگە بوككىدە ئورمان قويۇلغانىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىرلىرى تۈپتۈز تارتىلغان سالا - سالا كەتكەن ئېتىزلارغا ئاساسلىق كۆكتات تېرىيتتى. ياز پەسلى يېزىمىز شۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرەتتىكى كۆپكۆك ئاسماندا ئاپپاق بۇلۇتلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەتتى. تومۇز ئىسسىق ياز كۈنلىرىدە باللار سۈپسۈزۈك ئېرىق سۈيىگە چۆمۈلۈپ قېنىپ - قېنىپ ئوينايتتى، قۇياشنىڭ سېخىيلىق بىلەن چاچقان نۇرىدىن يېزىمىز تولۇق بەھىر ئالاتتى. سەھەردە قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايرىشىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى، باھار كەلگەندە تۇرنىلارنىڭ قاتار - قاتار ئۇچۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى، كۈزدە يەنە تۇرنىلارنىڭ ئىسسىق ماكان ئىزدەپ جەنۇبقا كۆچكەنلىكىنى كۆرەتتۇق، زېمىستان قىش كىرگەندە باللار قېلىن قار ئۈستىدە چانىلىرىنى سۆرەپ، بىر - بىرى بىلەن قار ئېتىشىپ، قارلاردا دومىلاپ ئوينايتتى، قوللىرى سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكىچە توڭلىغىنىنى بىلمەي نۇر ئوينىشاتتى، يېزىمىزنىڭ كەڭ يوللىرىدا چوكچۇك كالتەك (گاگا) ئوينايتتى، ئۆيلەرگە بېكىنىپ سىرتقا چىقمايدىغان باللار يوق ئىدى، باللارنىڭ پۈتۈن ئويۇنى سىرتتا بولۇپ، باللار ئەركىن - ئازادە ئوينايتتى. يېزىمىزنىڭ مۇھىتى شۇ قەدەر ساپ، پاكىز ئىدى، ياز كەلگەندە سەھەردە يېزىمىزدىكى ئۇيغۇرلار ھويلا - ئاراملىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ سۇ سېپەتتى، ھويلا - ئاراملىرىغا ھەر خىل گۈللەرنى تېرىپ كۆچەتلەرنى قوياتتى، سەھەردە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا سالاملىشاتتى، سىرتتىن كەلگەن ناتونۇش كىشىگىمۇ ئىللىق، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، يېزىمىزدا كۆپ مىللەت بولسىمۇ، كىشىلەر ئىناق، ئىناق ئۆتۈشەتتى. بىر - بىرىگە ھەر زامان ياردەم قىلىشاتتى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىناق، ئىشەنچ بىلەن ئورنىتىلغانىدى.

بىر كۈنى سەھەردە مەكتەپكە بېرىش يولۇمدا يول يا

ساۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، قاتناش توختىتىلمىغان پىيادىلەر، ۋېلىسىپىت مىنگەنلەر، ماشىنا ھەيدىگەنلەر ئۆز يولىدا نۆۋەتتى بىلەن رەتلىك يول تالاشماي، قىستىلىشماي بىمالال كېتىپ باراتتى، پەقەت بىر قانچە كىشى يول ياسىغان يەردىن ئون نەچچە مېتىر يىراقلىقتا قاتناش بەلگىسىنى تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ يول ياساش سەۋەبىدىن كىشىلەرگە قولايسىزلىق كەلتۈرگەنلىكىدىن كەچۈرۈم سوراپ يول كۆرسىتىپ تۇراتتى. كەچتە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ سەھەردە يول ياسىغان يەرگە كېلىپ، يولنىڭ قەيېرىنى ياسىغانلىقىنى بىلەلمىدىم، چۈنكى يولدا قۇم-شېغىل، سېمونتتىن ئىزنامۇ يوق، يول ئىنتايىن پاكىز تازىلانغان بولۇپ، كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام بۇ يەردە سەھەردە قۇرۇلۇش قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيتتىم.

كيوتوغا بارغان كۈنلىرىمدە، مەن تۇرغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسىغا يېقىن كوچىدا بىر بىناغا ئۇل سېلىش قۇرۇلۇشىنى باشلىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، ھەر كۈنى ئۇ يەردىن ئۈچ-تۆت قېتىم ئۆتەمەن، ئەمما ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چېچىلغان قۇم، سېمونت ياكى باشقا بىر نەرسىلەرنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم ۋە قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدىكى تاراڭ-تۇرۇڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدىم، ھەتتا بۇ تار كوچىدا قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال توشۇش سەۋەبىدىن بىرەر قېتىممۇ قاتناش قىستاڭچىلىقى بولغانلىقىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا ئۇ بىنانىڭ پۈتكەنلىكىنى كۆردۈم.

مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگۈچە ۋېلىسىپىت بىلەن ئۇ يەر بۇ يەرنى ئايلىنىپ كۆرگەچ قايتىپ كېلەتتىم، شۇنداق ئايلانغاچ بىر دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ قالدىم. بۇ يەردە ئېتىزلار رەت-رەت بولۇپ ئېتىزلارغا كاپۇستا، سۇڭپىياز، يېسىۋىلەك، پەمىدۇر، تەرخەمەك دېگەندەك كۆكتاتلار تېرىلغان، ئېتىزلار پاكىز يىغىشتۇرۇلغان، ئېتىز-ئېرىق ئىچىدىنمۇ ياكى قىر باشلىرىدىنمۇ بىر تال ياۋا ئوت-چۆپلەرنى كۆرگىلى ياكى تاپقىلى بولمايدۇ، قىر باشلىرىدىمۇ چېچىلغان كۆكتات ياكى ياۋا ئوت-چۆپ يوق، ھويلىسىنى تازىلىغاندەك پاكىز يىغىشتۇرۇلغاندى.

كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا يېقىنراق يەردە بىر ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپنىڭ ئالدىدا بىر ئاپتوبۇس بېكىتى بار ئىدى، ئۇ يەرگە مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇلغان، يەنى نەشپۈت دەرىخىگە ئوخشاپ كېتىدىغان دەرەخ بىلەن پورتىكال دەرىخى بار ئىدى، كۈز مەزگىلى بولغاچقىمۇ مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقانىدى. مەن ھەر كۈنى مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن ئۇ يەردىن ئۆتەتتىم، مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرنى نېمىشقا ئۈزمىگەنلىكىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئويلاپ قالاتتىم، ھەتتا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياكى ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرنىڭمۇ مېۋىلەرگە قول تەگكۈزمىگەنلىكىگە دىققەت قىلدىم، تاكى كېلەر يىلى 4-ئايغىچە ئۇ يەردىكى مېۋىلەرنى ھېچ كىشى ئۈزمىدى، كېيىنچە بىلدىمكى ئۇنى ھەممە كىشى ھۇزۇرلانسۇن دەپ ئۈزمىگەنىكەن، يەنى ياپونىيەلىكلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ مۇھىتنىڭ زىننىتى ئىكەن...

كيوتونىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ساپ. كۆپكۆك ئاسماندا ئاپپاق بۇلۇتلار، ئەتراپ ياپيېشىل، زىمىستان قىشتىمۇ ئېچىلىپ تۇرغان قىپقىزىل سامۇراي گۈلى، قۇشلارنىڭ خۇش ناۋالىرى كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ. سىز ئاپپاق كىيىملەر بىلەن خالىغان يەردە ئولتۇرسىڭىزمۇ توپا-چاڭ يۇقمايدىغانلىقى، قۇشلارنىڭ ئادەملەردىن قورقۇش ئىنكاسىنىڭ يوقلۇقى، مەكتەپ ئىچىدە ياكى دەريا بويلىرىدا ئادەملەرنى كۆرۈپمۇ پەرۋا قىلىپ قويماي، غادىيىپ مەغرۇر ماڭغان قاغىلار... كىشىگە بۇ يەردە ئادەم بىلەن تەبىئەت بىر گەۋدىلەشكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يامغۇر پەسلىدە بىر كېچە-كۈندۈز يامغۇر ياغسىمۇ سۇ يوللىرى ۋە يەر ئاستى يۇندى يوللىرى تېشىپ كەتمەيدۇ، يامغۇر كۈندە يېغىپ تۇرغاچقىمۇ يوللار، ئەتراپ شۇ قەدەر پاكىز، يوللاردا ئېقىن بولۇپ ئاققان يامغۇر سۈيى شۇنداق سۈزۈك. پۇچقاقلىرىڭىزغا چاچرىغان يامغۇر سۈيىدىنمۇ ئىز قالمايدۇ. مەن ياپونىيەدە بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا بىرەر ئادەمنىڭ يوللاردا، مېترودا، ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇستا، پاراخوتتا، كوچا ئاپتوبۇسىدا، تاكسىدا، شەخسىي ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇپ بىرەر نەرسە ياكى مېۋە شۆپەكلىرىنى تاشلىمىغانلىقىغا بەك دىققەت قىلدىم. ھەتتا بىرەر يەرگە تۆكۈلۈپ ياكى تاماكا قالدۇقىنى تاشلاپ قويغانلىقىنىمۇ كۆرمىدىم، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تاماكا چېكىدىغانلار ھەر بىر بىنانىڭ ئالدىدىكى باغچىدا قولىدا ئۆزىنىڭ كۈلدانىنى كۆتۈرۈپ تاماكا چېكىدۇ، كوچىلاردا تاماكا چېكىپ يۈرگەن كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئەمما تاماكا چەككەنلەرنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز ئۇلارنىڭ كۈلدانلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقىنى بايقايسىز، ياپونىيەدە

ھەممە ئادەم ئۆز ئۆيىنىڭ مۇھىتىنى ئاسرىغاندەك ئۆزى يا-
شىغان ئاشۇ مۇھىتنى جان - دىلى بىلەن ئاسرايدىغانلىقىنى
كۆردۈم...

مەن كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ۋە كيوتونىڭ ئىجتىما-
ئىي مۇھىتىنىمۇ زېھنىم بىلەن كۆزەتتىم، بىر يەردە بىرەر يا-
پونىيەلىكنىڭ بىر - بىرى بىلەن بىر نەرسە تالىشىپ سوقۇ-
شۇپ قالغانلىقىنى كۆرمىدىم، ھەر ھەپتىنىڭ بىر كۈنىدە دۇ-
كانلاردا ماي، ئۇن، گۈرۈچ، تۇخۇم، مېۋە - چېۋە، كۆكتات-
لارنىڭ باھاسىنى چۈشۈرىدۇ، ئەمما باھاسىنى چۈشۈرگەن
مالنىڭ يېنىغا ھەر بىر ئائىلە بىردىن ئېلىشقا بولىدۇ دەپ
يېزىپ قويىدۇ، ياپونىيەلىكلەر قائىدىگە رىئايە قىلىپ تەبىئىي
ھالدا بىرنى ئېلىپ كېتىدۇ. كۈندۈز ياكى كېچە بولسۇن
مەكتەپ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن يەر يېلىمدەك يېپې-
شىپ قالغان ئۇقۇغۇچىلارنى ۋە باشقىلارنى كۆرۈپ باقمى-
دىم... بەلكىم باردۇ، ئەمما ماڭا ئۇچرىمىدى... بىزدىكى
جەمئىيەت، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇ-
ھىتى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ قېنى بىزدىكى ئەجدادلىرىمىزدىن
قالغان مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت پەزىلىتى؟ بۇ مېنى
چوڭقۇر ئويغا سالدى...

### ياپونىيەلىكلەردىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت

2006 - يىلى نويابىردا توكيوغا يىغىنغا باردىم، ئىككى
كۈنلۈك يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىر دوستۇمنى
يوقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدۇم. توكيودىكى
مېترودىن مېتروغا ئالمىشىشنى ئويلىسام ھازىرمۇ بېشىم قاتى-
دۇ، مەن دوستۇمنىڭ يېنىغا بېرىشىم ئۈچۈن تۆت يەردە
مېترو ئالمىشىشىم كېرەك ئىكەن، ئۆزۈم تۇرغان جايدىن
مېتروغا چىقىپ گايزايغا كەلدىم، بۇ يەردىن يەنە مېترو ئال-
ماشتىم، كېلەركى بېكەتتە ئالمىشىدىغان يېرىم بىر قەدەر مۇ-
رەككەپ بولدى، مەن مېترو خەرىتىسىگە قاراپ بېشىم
قېتىپ تۇرغىنىمدا يېنىمدىكى 30 ياشلاردىن ئاشقان چىراي-
لىق ياسىنىۋالغان ياپونىيەلىك قىز ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى
ۋە ياردىمىم كېرەكمۇ دېدى، ئۇ بەلكىم مېنىڭ باش قېتىنچى-
لىقىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، مەن ئۆزۈم بارماقچى
بولغان يەرنى ئېيتىپ بەردىم، ئۇ بۇ يەردە ئالمىشىش بىر
قەدەر مۇرەككەپ، مەنزىلگە كەلگەندە مەن سىزگە ئالمىشى-
دىغان جاينى كۆرسىتىپ بېرىمەن دېدى، بىز مەنزىلگە كەل-
گىچە بىرئاز پاراڭلاشتۇق، بىلدىمكى ئۇ ئىلگىرى شىمالىي
ياۋروپادا خىزمەت ئىشى بىلەن بىر يىل تۇرغانىكەن، ئۇ
يەرگە دەسلەپ بارغاندا يول بىلمەي قىينالغانلىقىنى سۆزلەپ
بەردى ھەمدە ئالمىشىدىغان يەرگە كەلدۇق دەپ مەن
بىلەن بىللە مېترودىن چۈشتى، مەن تېخى ئۇنىڭمۇ مەنزىلى
مەن بىلەن بىر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، بىز ناھايىتى
تېزلىكتە مېترودىن چۈشۈپ، قارشى تەرەپتىكى مېتروغا
چىقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر لىفتقا
چىقىپ، بىر يەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاندىن مەن چىقماقچى
بولغان بېكەتكە كەلدۇق، ئۇ مېنى ئەكىلىپ قويۇپلا كەينىگە
قاراپ يۈگۈردى، مەن ئۇنىڭدىن سىز بۇ مېتروغا چىقمامسىز
دەپ سورىغىنىمدا كۈلۈپ تۇرۇپ: — ياق، مەن سىزنى ئە-
كىلىپ قويغىلى كەلگەن دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

كېيىنچە شۇنى ھېس قىلدىمكى، ياپونىيەلىكلەردە بىر
خىل روھ بولۇپ، سىزنىڭ قايسى دۆلەتتىن ياكى قايسى مىل-
لەتتىن بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزنى تونۇسۇن ياكى
تونۇمىسۇن سىز ياردەمگە موھتاج بولسىڭىزلا، ئۇلار
ياردەم قىلالىسىلا، سىزنى بىر ئىنسان دەپ بىلىپ ياردەم
قولىنى ھەر زامان سۇنىدىكەن.

ئاپرېلدا ئۇكام كيوتوغا مېنى يوقلاپ ئۇرۇمچىدىن
كەلدى، ئۇكامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان ياپونىيەلىك دوستۇم
مىچكو كوبېدا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قەدىمكى مىسىر مومىيال-
رىنى كۆرگەزمە قىلغىلى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە
بىزنى كۆرگەزمە كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى، كوبېغا بارغىچە
مىچكو بىزنى ئالغىلى كەلدى، كۆرگەزمە كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن ئۇكام بىلەن ئىككىمىز كيوتوغا قايتتۇق، مىچكو كۇ-
زېخاغا كەتتى، مەن مېتروغا چىقىش ئالدىدا بېلەتنى ئېلىپ
ئۇكامغا جېكىلىدىم.

— بېلەتنى يىتتۈرۈپ قويما، يىتتۈرۈپ قويساڭ بېكەت-
تىن چىقالمايسەن، — دېدىم، خۇددى ئالدىن بىلىۋالغاندە-
كلا بېكەتكە كەلگەندە ھەممە كىشى سۈركەپ ئۆتۈپ
كەتتى، مەنمۇ شۇلار قاتاردا ئۆتۈپ كەتتىم، بېكەتتىن
ئۆتۈپ ياندا ئۇكامنى ساقلاپ تۇردۇم، ئۇ ھېچلا چىقمايتتى،
بىر چاغدا ئۇكام مېنى چاقىردى: — بېلىتىم يوق تۇرىدۇ، —
دېدى. مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم ۋە
بېكەتتىكى خىزمەتچى خادىملارغا ئەھۋالنى دېدىم، ئۇلار
نەدىن چىققانلىقىمىزنى سورىدى ۋە ئۇكامغا بىر قاراپ
قويۇپ ئۆتسۇن دېدى. كيوتو بىلەن كوبېنىڭ ئارىلىقى ئۇ-

رۇمچى بىلەن تۇرپاندەك يەر ئىدى. ئۇكام بىكەتتىن چىققاندىن كېيىن شۇنداق ھاياجانلاندى: — بۇلار مېنى قايتا بىلەت ئال دېمەيلا چىقسۇن دېدىغۇ؟!... ياپونىيەلىكلەر ئادەمگە ئىشىنىدىكەن ھە! ... دېدى ھەيرانلىق ئىچىدە...

ئادىتىم بويىچە ھەركۈنى مەكتەپتىن يانغىچە تاكاشىما دېگەن بىر سودا سارىيىنى ئايلىناتتىم، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، مەن 3 ـ قەۋەتتە كىيىملەرنى كۆرگەچ قولۇمدىكى سېتىۋالغان قازان كاۋىسى ۋە كۆكتاتلارنى بىر يەرگە ئېسىپ قويۇپ باشقا يەرلەرنى ئايلانغىلى كەتتىم ۋە كۆرگەن كىيىملەرنى سېتىۋېلىپ ۋېلىسىپىت بىلەن ئۆيگە قايتتىم. يولدا كېتىۋېتىپ بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا قىلدىم، ئويلىسام سېتىۋالغان كۆكتاتلىرىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كەينىمگە يېنىپ بېرىپ سۈرۈشتە قىلدىم، سودا سارايى خىزمەتچىسى بىردەم ساقلاپ تۇر دېدى ـ دە، بىرىگە تېلېفون قىلدى، ئون مىنۇتلاردىن كېيىن 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى قولىدا ئىككى سولياۋ خالتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، قايسىسى سېنىڭ دېدى. مەن كۆكتاتلىرىمنىڭ تېپىلغىنىغا ھەيران قالدىم، مەن كۆكتاتلىرىمنى ئېسىپ قويۇپ، ئىككى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئالغىلى كەلسەم ئۇنىڭ يەنە تېپىلغىنىغا ھەيران قالدىم...

بىر زامانلاردا يۇرتۇمدىمۇ يىتىپ كەتكەن نەرسىلەر تېپىلاتتى، كىشىلەر ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەرنى تاقاپ قويمايتتى، ھويلا ـ ئاراملىرى ئوچۇق تۇراتتى، بىرەرسىنىڭ ئوغرىلىققا كىرىشىدىن ئەنسىرەپ كەتمەيتتى، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە ئىشىنەتتى، ئادەملەر ئارىسىدا ئىشەنچ بار ئىدى.

## ياپونىيەلىكلەردىكى مائارىپ ئېڭى

ياپونىيەدە 1868 ـ يىلى مېيجى ھۆكۈمىتى مەملىكەت دائىرىسىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، 1886 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتتە مەجبۇرىي مائارىپ يولغا قويۇلدى، 30 يىلدىن كېيىن پۈتكۈل مەملىكەت دائىرىسىدە باشلانغۇچ مائارىپ ئومۇميۈزلۈك ئومۇملاشتۇرۇلدى، ياپونىيە دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى، ياپونىيەنىڭ سابىق ۋەزىرى كۇفۇدا «ئادەم دۆلەتنىڭ بايلىقى، مائارىپ دۆلەتنىڭ ئاساسى» دېگەن. ياپونىيەنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئالتە يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىللىق تۈزۈمدە.

ياپونىيەلىكلەر بالىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئەقىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئورتاق ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار كىتاب ئوقۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بالىلارنىڭ مۇستەقىللىقى، چىدامچانلىقى، ھەمكارلىشىش روھىنى، كوللېكتىپ روھىنى يېتىلدۈرۈش، بالىلارنىڭ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ يازلىق ۋە قىشلىق تەتىل جەريانىدا، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەر خىل لاگېر پائالىيەتلىرىگە ۋە خالىسانە ئەمگەكلەرگە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ بىرىدە، مەن ياپونىيەلىك دوستۇم مىچىكو بىلەن ئوساكادا ئۆتكۈزۈلگەن رومانوف خانلىقىنىڭ كۆرگەزمىسىنى كۆرگىلى باردىم، ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى تۇمان ھەم تىنجىق ئىسسىق ئىدى، بىز بىر چوڭ مەيداندىن ئۆتكەندە بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قوللىرىغا قىرغۇچ ئېلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، مىچىكودىن سوراپ قالدىم: «ھازىر يازلىق تەتىل مەزگىلى تۇرسا، بۇ ئوقۇغۇچىلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇلار قولىدىكى قىرغۇچنى نېمە قىلىدۇ...؟» دېدىم، مىچىكو: «بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خالىسانە ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار يەرلەرگە چاپلىشىپ قالغان سېغىز ۋە باشقا نەرسىلەرنى تازىلايدۇ، مەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بۇ خىل ئەمگەككە قاتنىشاتتىم» دېدى.

ياپونىيەلىكلەر بالىلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتقا بولغان چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بالىلارنى كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ، قىشتا ناھايىتى نېپىز كىيدۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بالىلارنىڭ سوغۇققا بولغان چىدامچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. قىش كۈنلىرى قاتتىق سوغۇق بولسىمۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قىز ئوقۇغۇچىلىرى قىسقا پايپاق، قىسقا يوپكا كىيىپ بويىنىغا يوغان شارپا ئورىۋالىدۇ، ياپونىيەلىكلەردە قىش كۈنلىرى يۇڭ ئىشتان، پاختىلىق ئىشتان، شەنكۇ كىيىش ئادىتى يوق ئىكەن، ھاۋا ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ يالاڭ ئىشتانلا كىيىۋالىدىكەن، شۇڭا بالىلىرىنىمۇ شۇنداق كىيدۈرىدىكەن. ئۆزلىرىنى شۇ سوغۇق مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ تەربىيەلەيدىكەن. ئىيۇلدا ئوغلۇم ۋە يولدىشىم تەتىل قىلىپ كيوتوغا كەلدى، مەن ئۇلارنى ئېلىپ توكيوغا باردىم. بىز خان ئوردىسىنىڭ ئالدىنى ساياھەت قىلىپ تۇر-

غىنىمىزدا ئۇستىگە ماتروسچە مەكتەپ فورمىسى، بېشىغا چىغ قالپاق كىيگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ، 2 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى كەلدى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بويلىرى پاكار بولۇپ، كىچىك باللار ئىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دۈمبىسىدە سومكىسى ۋە قولىدا ئىككىدىن قول سومكىسى بار ئىدى، ئوغلۇم بۇ باللارنىڭ يۈكىگە قاراپ ھەيرانلىق ئىچىدە مىچىكودىن سورىدى: «بۇ ئوقۇغۇچىلار ساياھەتكە چىقىپتۇ-يۇ نېمىشقا يەنە بۇنچە كۆپ سومكا كۆتۈرۈۋالدۇ، بۇ كىچىك باللار ئۈچۈن ئېغىر ئەمەسمۇ» دېدى. مىچىكو: «ياق، ئېغىر ئەمەس، دۈمبىسىدىكى سومكىدا كېرەكلىك كىتاب-دەپتەر، قەلەملەر بار، قولىدىكى سومكىنىڭ بىرىدە چۈشلۈك تاماقى بار، يەنە بىر قول سومكىسىدا كۆنلۈك، قول ياغلىق، تۇرمۇش قەغىزى، ھەميان بار. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەممە نەرسە-كېرەكلىرىنى تولۇق ئېلىپ ساياھەتكە چىقىدۇ، ئېلىپ بارغان نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويسا بولمايدۇ، ساياھەت جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ھەر جەھەتتىن نومۇر قويۇلىدۇ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتكۈزۈشتىكى باھالىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلار ھەممە نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈۋالدۇ. ساياھەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش روھىنى، مۇستەقىللىق روھىنى، كوللېكتىپزىملىق روھىنى، ئۆزئارا ياردەم قىلىش روھىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلاردا رەتلىك، تەرتىپلىك، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. ساياھەت جەريانىدا كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىنى يازىدۇ» دېدى. ئوغلۇملا ئەمەس، مەن بىلەن يولدىشىممۇ مىچىكونىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن كېيىن جىمىپ كەتتۇق...

مەن بىلەن «تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دەرسىنى ئاڭلاشقا 70 ياشلاردىن ئاشقان بىر بوۋاي كېلەتتى، دەسلەپتە مەن بۇ بوۋاينى ئىنستىتۇتىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىمىكىن دەپ ئويلىدىم، كېيىن بىر قېتىم توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن پروفېسسور كوماتسۇ خساۋنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا بىر يەردە ئولتۇرۇپ قالدۇق، يىغىندىن كېيىن پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ بوۋاينىڭ بىر شىركەتتە ئىشلەپ پېنسىيەگە چىققانلىقىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا قىزىقىدىغانلىقى، ئىلگىرى بۇ توغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئوقۇشقا ۋاقتى يوقلۇقى، ھازىر بولسا پېنسىيەگە چىقىپ كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ غەربىي ئاسىيا ئىنستىتۇتىدا بۇ كەسىپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ بوۋايدىكى ئۆگىنىش روھىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم...

بۇ يەردە دوستۇم ئۇنىڭدا مىچىكو ھەققىدە بىرئاز سۆزلەپ بېرىشنى لايىق كۆردۇم، مىچىكو ئىلگىرى بېيجىڭدا يەنى «خەلق گېزىتى»دە بەش يىل ئىشلەپتىكەن، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ جۇڭگو تىلى ۋە يېزىقىغا شۇنداق پىششىق، جۇڭگو تىلىنى شۇنداق چىرايلىق سۆزلەيدۇ، ئۇ جۇڭگودا ئىشلەش جەريانىدا يىپەك يولىنى بويلاپ، شىنجاڭنى ئۈچ قېتىم ساياھەت قىلغان. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا يىپەك يولىغا ۋە شىنجاڭغا ناھايىتى قىزىققانىكەن، شىنجاڭنى بىر قانچە قېتىم ساياھەت قىلىش بىلەن ئۇيغۇرلارغا بەكلا قىزىقىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان، مەن مىچىكو بىلەن تونۇشقان چاغلىرىمدا ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى ئاستا، ئۆلچەملىك تەلەپپۇزدا ئاددىي جۈملىلەرنى سۆزلىيەلەيدىكەن ھەم يازالايدىكەن، ئۇ ھەر قېتىم شىنجاڭغا كەلسە ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ۋە باشقا ئۇيغۇرلارغا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى، ناخشا-مۇزىكا پىلاستىنكىلىرىنى سېتىۋالىدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن ياپونىيەدە ۋە ھازىر قىلىۋاتقان كەسپىڭىزدە ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىلمەيدۇ، ھەتتا بىر يىلدىمۇ بىر قېتىم سىز بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىش سىز ئۈچۈن زۆرۈر ئەمەسقۇ دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كەتتى:— شۇنداق، توغرا دەيسىز، ئەمما قىزىقىدىغىنىم يىپەك يولىدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى، شۇڭا بۇ تىلنى ئۆگىنىش مەن ئۈچۈن زۆرۈر،— دېدى... كېيىن ئۇ ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مەندىن ئۇيغۇر تىلىنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگەندى، بىر ياپونىيەلىكنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان، چىرايلىق تەلەپپۇز قىلىپ سۆزلىگىنىنى ئاڭلىسىڭىز ھەيرانلىق ئىلكىدە شادلىنىدىكەنسىز، ھەم ئۆزىڭىزگە سوئال قويىدىكەنسىز، گەرچە بىز ھازىر دۇنيادا ئارقىدا قالغان، باشقىلار تولۇق بىلىپ كەتمەيدىغان بىر مىللەت بولساقمۇ، تىلىمىزنى شۇ قەدەر تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلارنى كۆردۇم...

ياپونىيەدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ھەر تۈردىكى ئوقۇش مۇكاپاتلىرى تەسىس قىلىنغان. يەنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇكاپاتى، ھەرقايسى چوڭ شىركەتلەر ئەلئارا جەمئىيەتلەر، داڭلىق شەخسلەر،

كارخانىچىلار، ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلغان ئوقۇش مۇ-
كاپاتى دېگەندەك تۈرلۈك ئوقۇش مۇكاپاتلىرى تەسىس قىلىن-
غان. ياپونىيەدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان يا-
پونىيەلىك ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللىك ئوقۇغۇ-
چىلارمۇ بۇ ئوقۇش مۇكاپاتىنى ئىلتىماس قىلالايدۇ.

## ياپونىيەلىكلەردىكى ساياھەت ئېڭى

2007 - يىلى 3 - ئايدا مەن دوستۇم مىچىكو ۋە باشقا
ياپونىيەلىكلەر بىلەن تۈركىيەگە ساياھەتكە باردىم. بىز
كانساي ئايروپورتىدىن كەچ سائەت 6:30 لاردا تۈركىيە
ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ، سەھەر سائەت بەش يېرىملاردا
ئىستانبول ئايروپورتىغا قوندۇق، بىر قاتار رەسمىيەتلەردىن
كېيىن، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ تۈرك-
يەدىكى ساياھىتىمىزنى باشلىدۇق. ئاپتوبۇسقا چىقىپلا ياپونى-
يەلىكلەردىكى بۇ ئەخلاقنى كۆردۈم. ئاپتوبۇسقا كىم بالدۇر
چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، چوڭلار تەبىئىي ھالدا ئالدىنقى رەت-
تىكى ئورۇندا ئولتۇرىدىكەن، ياشلار كەينى رەتتىكى ئو-
رۇنغا بېرىپ ئولتۇرىدىكەن... ھېچ كىشى سەن ئۇ يەردە
ئولتۇر، بۇ يەردە ئولتۇر، ئالدىنقى رەتتىكى ئورنۇڭنى
چوڭلارغا بوشات دېمەيدىكەن... بۇ يەردە مەن تۈركىيە
توغرىسىدا ھېچ نەرسە سۆزلىمەيمەن، چۈنكى بۇ ماقالەم
بىلەن مۇناسىۋەتسىز. پەقەت ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغان
ساياھەت جەريانىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن، مەن
ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ھەر يىلى يازلىق
دەم ئېلىش كۈنلىرىمدە بەزىدە جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ
ساياھەت قىلسام، بەزىدە شىمالىي شىنجاڭنى ساياھەت
قىلاتتىم، يەنە بەزىدە ساياھەت ئۆمىكى بىلەن دۆلىتىمىزد-
كى باشقا ئۆلكىلەرنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلاتتىم، ئىشقىلىپ
يازلىق دەم ئېلىشنى قولدىن بەرمەيتتىم، بۇ قېتىمقى ساياھ-
تىم ئىلگىرىكى ساياھەتلىرىمدىن چوڭ پەرقلىق ئىدى، ياپو-
نىيەلىكلەر بىلەن ساياھەت قىلىش جەريانىدا ياپونىيەلىكلەر
ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، تۈركىيەدىكى ساياھەت
جەريانىدا ئاساسەن تۆت يۇلتۇز ياكى بەش يۇلتۇز دەرىجە-
لىك مېھمانسارايلاردا تۇردۇق، ياپونىيەلىكلەر ۋىزا ئىلتى-
ماس قىلمايلا تۈركىيەگە كېلىپ ئۈچ ئاي تۇرسا بولىدىكەن،
بۇ 18 كۈنلۈك ساياھەت جەريانىدا مىچىكو بىلەن ئىككىمىز
بىر ياتاقتا ياتتۇق، بۇ مېنىڭ مىچىكو ۋە ياپونىيەلىكلەرنى تې-
خىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمگە پۇرسەت بولدى. بىز ياتاقلاغقا
كەلگەندە ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتتى، شۇڭا كېلىپلا ياتاققا
ئورۇنلاشتۇق، مىچىكو ماڭا: «سىز باشتا مۇنچىغا كىرىۋې-
لىڭ، بۈگۈن مەن دۇشقا چىلانماقچى، بەك چارچىدىم»
دېدى. ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇلار ھەر كۈنى
كەچتە دۇشقا چىلىنىپ بىر - ئىككى سائەت ياتىدىكەن،
دۇشقا چىلىنىپ بىر كۈنلۈك جىددىي رىتىمدىكى ھاردۇقنى
چىقىرىدىكەن، شۇڭا بارغانلا يەردە مىچىكو دۇشقا چىلىناتت-
تى، بەزىدە چارچىغىنىدىن دۇش ئىچىدە يېتىپ ئۇخلاپ
قالاتتى. مەن ئادىتىم بويىچە يۇيۇنۇپ بولۇپ، مۇنچىنى بىر
قۇر تازىلىۋېتىپ مۇنچىدىن چىقتىم، ھەم مىچىكوغا: «مۇنچى-
نى تازىلاپ قويدۇم چۈشسىڭىز بولىدۇ» دېدىم. مىچىكو
مۇنچىغا كىرىپ چىقىپلا قايناپ كەتتى، مەن نېمە ئىش بولغ-
ىنىنى ئاڭقىرالماي تۇرۇپلا قالدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مەن
مۇنچىنىڭ يەرلىرىگە سۇ چۈشۈرۈۋېتىپتىمەن، ئەگەردە سۇ
تۆۋەن قەۋەتكە ئۆتۈپ كەتسە، ياپونىيەلىكلەرنىڭ ئوبرازىغا
تەسىر يەتكۈزىدىكەن، شۇڭا ماڭا خاپا بوپتۇ، مەن ناھايىتى
بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە يەرنى سۈرتۈۋەتتىم، بۇ ماڭا
قاتتىق تەسىر قىلدى. ئەتىسى سەھەردە مىچىكو ئوڭايسىز-
لىق ئىچىدە مەندىن كەچۈرۈم سوراپ تۈنۈگۈن كەچتە ئۆ-
زىنىڭ سەل ئالدىراپ سۆزلەپ قويغانلىقىنى دېدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا سىزگە قولايلىق بولسۇن دەپ يۇ-
يۇۋەتكەنىدىم، ئەمما نەتىجە ئەكسىچە بولدى دېدىم. ئۇ
كۈلۈپ كەتتى...

ئەمما بۇ ماڭا چوڭ بىر دەرس بولدى. ساياھەت
جەريانىدا ياپونىيەلىكلەرنىڭ بىزگە ئوخشىمايدىغان تەرىپى —
ياپونىيەلىكلەر بارغان يەردە ۋە چۈشكەنلا مېھمانسارايلار-
نىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ
ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ مۇھىتىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىكەن، يا-
تاقلاردىن ئايرىلغاندا ئەسلىدىكى پاكىز، رەتلىكلىكىگە ئەھ-
مىيەت بېرىدىكەن؛ ياپونىيەلىكلەر ساياھەت قىلغاندا نەگىلا
بارمىسۇن ئاساسەن مەنزىرىلەرنى رەسىمگە كۆپرەك تارتى-
دىكەن، بىز ئاساسەن ئۆزىمىزنىلا تارتىمىز. ساياھەت جەر-
يانىدىكى ئىختىيارىي پائالىيەتتە، ئۇلار كىتابخانىلارنى
ئارىلاپ كىتابلارنى سېتىۋالىدىكەن، ئۇنىۋېرسىتېتلارنى سا
ياھەت قىلىدىكەن، ناخشا - مۇزىكا پىلاستىنكىلىرىنى سېتىۋا
لىدىكەن. ساياھەت جەريانىدا تەمىنلىگەن مىنېرال سۇ ۋە
باشقا نەرسىلەرنى ھەر كىشى ئۆزىنى سوراپ بىر كىشىلىكلا

ئالدىكەن... بىز ساياھەتكە چىقساق تىجارەت قىلغىلى بار-
غاندەك قايتىپ كېلىمىز، بۇ بىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا نېمە-
دېگەن چوڭ پەرق. بىلدىمكى، ياپونىيەلىكلەرنىڭ دۇنيادا
ساياھەتچىلىك ئەخلاقىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى ئەجەبلە-
نەرلىك ئەمەسكەن...

### مۇساپىرچىلىق

يۇرتىمىزدا تۇرغاندا مۇساپىرچىلىق دېگەن بۇ سۆزنىڭ تېگىگە بۇ قەدەر يەتمىگەنىدىم، مانا ئەمدى مۇساپىرچىلىقنى تازا ياخشى بىلدىم... گەرچە سېنىڭ يەيدىغىنىڭ، خەجلەيدىغان پۇلۇڭ، راھەت - پاراغەتتە ياشىساڭمۇ، سەن كۆزلىگەن، ئېرىشمەكچى بولغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشسەڭمۇ يەنىلا بىر يېرىڭ كەم بولىدىكەن. ھېيت - بايرام بولغاندىچۇ تېخى. شۇ ئەزىزانە يۇرتۇڭنى، ئەزىزلىرىڭنى، توپا باسقان شۇ يوللىرىڭنى، پاتقاق كېچىپ ماڭغان ئاشۇ كوچىلىرىڭنى بەكلا سېغىنىدىكەنسەن، ھەتتاكى سەن ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلىرىڭنىمۇ سېغىنىدىكەنسەن؛ بوۋامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلۇغ بوۋام تىجارەت بىلەن ھەمىشە شام، شەمەي، ئەنجاندا يۈرەرمىش، ھەر قېتىم سەپەرگە چىقىش ئالدىدا يۇرتنىڭ توپىسىنى ئېلىۋالىدىكەنمىش، ئائىلىسىنى، ئاتا - ئانىسىنى، يۇرتنى سېغىنغاندا شۇنى پۇرارمىش. ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك بولغاچقىمۇ بۇنىڭغا ھەيران قالغانىدىم، ئەمما ئەمدى مۇساپىرچىلىقتىكى بۇ يۇرتنى سېغىنىش ئوتىنى چۈشەندىم؛ چەت ئەلدە مۇساپىرغا ھېيت بولمايدىكەن، ھېيتمۇ يۇرتۇڭدىلا ئاتا - ئاناڭنىڭ، ئەزىزلىرىڭنىڭ يېنىدىلا ساڭا ھېيت - بايرام بولىدىكەن. سەن چەت ئەللىكنىڭ نەزەرىدە مەڭگۇ چەت ئەللىك بولىدىكەنسەن. توغرا، چەت ئەلدە تۇرۇپ چەت ئەللىك بولدۇم. مۇساپىر بولۇپ مۇساپىرنىڭ دەردىگە يەتتىم. مەن بۇ ھېسلىرىمنى ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ بۇ شېئىرى بىلەن ئىپادىلىمەكچىمەن:

قاقما باغرىم، قېرىنداشىم، ئۇستۈڭنى،
قونسۇن ئۇلار ئۇستۇمگە، ياق قەلبىمگە.
ئانا يەرنىڭ زەررىسىدۇر ئۇ تۇتىيا،
نۇر بولغۇسى ئۇ مەن ئايرىلغان بەختىمگە.

قاقما باغرىم، قېرىنداشىم، ئۇستۈڭنى،
يۇراپ ئالاي باغلىرىمنىڭ ھىدىنى.
ئېپار چېچەك، ئېپار غۇنچە، ئېپار گۈلى،
يۇيۇۋەتسۇن دىلدىن ھىجران دېغىنى.

قاقما باغرىم، قېرىنداشىم، ئۇستۈڭنى،
ئۇ زەررىلەر تەۋەررۇكتۇر مۇقەددەس.
مەن كۆرىمەن تەڭرىتاغنى ئۇنىڭدىن،
كۈمۈش چاچلىق، مەغرۇر ئۇلۇغ زەبەردەس.

ياپونىيەگە كەلگەندىن كېيىن تۇنجى نورۇز بايرىمىنى كۈتۈۋالدىم، كيوتودا پارسلار، تۈركلەر كۆپ بولغاچقا ئۇلار نورۇز بايرىمىنى بىزگە قارىغاندا قىزغىن كۈتۈۋالىدىكەن. ئادەمنىڭ ياقا - يۇرتلاردا يۈرگەندە يۇرتقا بولغان مېھرى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدىكەن، شۇڭا نورۇز كۈندە ئوساكا، كوبې، كيوتوغا يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ نورۇزنى تەبرىكلەيدىكەن. بۇ يىلقى نورۇزنى مەن بىلەن بىر ئىشخانىدىكى ئۇكا ساۋاقدىشىم، تارىخ پەنلىرى دوكتورى بەختىيار ئىسمائىلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن. چۈشتىن كېيىن بەختىيارنىڭ ئۆيىگە كيوتوغا يېقىن ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلاردىن 20 گە يېقىن كىشى يىغىلىشقا باشلىدى، بۈگۈن كەلگەنلەر ئىچىدە ئالدى ياپونىيەگە كەلگىلى 20 يىلدىن ئاشقانلار بولسا، كەينى ئۈچ - تۆت يىل بولغانىدى. بۇلار ئىچىدە دوكتور پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ ئالىي مەكتەپلەردە دەرس بېرىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. قالغانلىرى دوكتورلۇقتا، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلار ئىدى، يەنە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆي كىچىك بولغاچقا چاقىرىلمىغانىكەن. نورۇز شۇنداق ياخشى باشلىنىپ كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتى، ياپونىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشىپ ئىناق، ئىجىل ئۆتىدىكەن، قىيىنچىلىق بولسا بىر - بىرىگە ھەر زامان ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن، بۇلاردىكى بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىنى كۆرۈپ شۇ قەدەر سۆيۈندۈم... گەرچە بۇلار چەت ئەلدە ياشىسىمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ بىرەر بايرىمىنى قوشۇپ ئۆتكۈزگىنىنى كۆرمىدىم. ئۇلار ئۆزلۈكىنى ساقلاپ قېلىشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىكەن. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ھەر زامان ئۇنتۇمايدىكەن. ئۇلار ھەر زامان بىز ئۇيغۇر دەيدىكەن...

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇرچە دەرسلىك بۆلۈمىدە



گۈللەر سۆزلەيدۇ

ئەكبەر ئىسهاق فوتوسى

《新疆文化》（维吾尔文）

综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅

主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所

编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部

国际标准刊号：ISSN1008-6498

国内统一刊号：CN65-1073/I

海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部

代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号

P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China

海外发行代号：6498BM

发行范围：国内外发行

地 址：乌鲁木齐市文化路28号井源办公大楼7楼

邮　编：830002 电话：（0991）2856942

印　刷：《新疆日报》印务中心

发　行：乌鲁木齐市邮局

订　阅：全国各地邮局

邮发代号：58-22　定价：6.00元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2014 - يىلى 4 - سان (ئومۇمىي 328 - سان)

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى

چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008-6498

مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65-1073/I

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى

چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 - نومۇرجىڭيۈەن خىزمەت بىناسى 7 - قەۋەت

پوچتا نومۇرى: 830002　تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942

باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 6.00 يۈەن

« جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى » دىكى نەشرىي ئەپكار
« شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار

入选《中国期刊方阵》的刊物
荣获《新疆期刊奖》的刊物



تەتقىقاتچى رەيھان قادىر

4
2014
新疆文化

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

ISSN 1008-6498

•XINJIANG CULTURE•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شنجيانغ•